«شەرق شاملى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى ( 1133 )
“东风工程”图书出版项目之1133

# ئۇيغۇر خەلق تارىخى قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر



( 2 )

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر خەلق تارىخي قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر

# 维吾尔历代民谣精选

（2）



ISBN 978-7-5469-0925-7

9 787546 909257 >

定价：8.40 元

# ئۇيغۇر خەلق تارىخي قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر

تۈزگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**كىتاب ئىسمى:** ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر (2)
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
**مەسئۇل كوررېكتورى:** جاسارەت غۇپۇر
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** غالىب شاھ
**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تېلېفون:** 0991 - 4690106
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ خۇالۇڭ باسما ئىشلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**فورماتى:** 787×1092 م م 1/32
**باسما تاۋىقى:** 6
**نەشرى:** 2010 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2010 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-0925-7
**باھاسى:** 8.40 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔历代民谣精选. 2：维吾尔文 / 乌其洪江·玉麦尔主编. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2010.7
ISBN 978-7-5469-0925-7

Ⅰ.①维… Ⅱ.①乌… Ⅲ.①维吾尔族-民歌-作品集-中国-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I277.291.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 122599 号

书　　名　维吾尔历代民谣精选（2）
主　　编　乌其洪江·玉麦尔
责任编辑　努尔阿利亚·阿布都克里木
特约编辑　艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任校对　加沙热提·吾甫尔
封面设计　阿里甫·夏
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
电　　话　0991-4690106
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本　787mm×1092mm　1/32
印　　张　6
版　　次　2010 年 7 月第 1 版
印　　次　2010 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-0925-7
定　　价　8.40 元

# كىرىش سۆز

«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون
بىر تۇتاش پىلانلىغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ
نەشرىيات ئىدارىسى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويغان
خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇش. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ
ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقنىڭ تارقى-
تىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىل-
لەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرى ئارىسىدا پەن ـ تېخنىكا بى-
لىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقى-
تىپ، ئۇلارغا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان،
ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق
سەۋىيەگە يېتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ئاخبارات ـ
نەشرىيات ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ
بېرىشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدىكى ھەممە يېزا ـ كەنتلەرگە كىتاب، ئۈن ـ
سىن نەشر بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلىش ـــ «شەرق شامىلى
قۇرۇلۇشى» دىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ تۈردە سوت-
سىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى مۇساپىسى ۋە مەركەز-
نىڭ «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسى-
دىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، پارتىيەنى

سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشكە ئائىت
ئوقۇشلۇقلار، «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمە-
تىگە ئائىت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى، سە-
ھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىگە ئائىت ئوقۇش-
لۇقلار، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئو-
قۇشلۇقلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاق
تەربىيەسىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قوش تىل مائارىپى ئو-
قۇشلۇقلىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي مەدەنىي-
يىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، كۆڭۈل ئې-
چىشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا
قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، ماركسىزملىق دىن قا-
رىشى، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسى-
تىگە دائىر بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇش-
لۇقلار قاتارلىق ئون چوڭ تۈر بويىچە نەشر بۇيۇملىرى
نەشر قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەزمۇن جەھەتتە، سوت-
سىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيا-
لىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسىي لىنىيە قىلىندى؛
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ «ئىشلەپچىقىرى-
شى تەرەققىي تاپقان، تۇرمۇشى باياشات، يېزا ئىستىلى مە-
دەنىي، كەنت مۇھىتى رەتلىك ۋە پاكىز، باشقۇرۇشى دې-
موكراتىك بولۇش» قا يېتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىشان
قىلىندى؛ نەشر قىلىشتا «دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق
كەسىپلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق
رايونلىرىغا يېقىنلاشتۇرۇش، دېھقان ـ چارۋىچىلارغا يې-
قىنلاشتۇرۇش» مەقسەت قىلىندى؛ ھەر مىللەت دېھقان ـ

چارۋىچىلىرى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش پىرىنسىپ قىلىندى. بىز نەشر بۇيۇملىرىنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈشكە، تېكىستىمۇ، رەسىممۇ، ئاۋازىمۇ بار قىلىپ چىقىرىشقا تىرىشتۇق، شۇنداقلا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بولۇشىغا، مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق بولۇشىغا كۆچىدۇق، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى بىلىملەر ئارقىلىق، ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى يۈكسەكلىك ۋە يېڭى نەزەرگە ئىگە قىلىشقا تىرىشتۇق.

بىز يەنە «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» ئارقىلىق، ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشى، كىتاب ئوقۇشى تەس بولۇش مەسىلىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولۇشىنى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى كىتاب ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ياخشىلىنىشىنى، ئاز سانلىق مىللەت يېزىلىرىدىكى مۇنەۋۋەر نەشر بۇيۇملىرىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىنى، ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، كىرىمىنى كۆپەيتىپ، ئىلمىي بېيىشىنى ئەقلىي مەدەت ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقىنىڭ «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى»
رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

# مۇندەرىجە


قىز كۆچۈرۈش قوشىقى .................................. 1
ئۇچار قۇش ۋە هايۋاناتلار هەققىدىكى قوشاقلار ......... 21
ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى هەققىدە قوشاقلار ............... 25
ئەخمەتجان قاسىمى هەققىدە قوشاقلار ..................... 30
غېنى باتۇر هەققىدە قوشاقلار ............................ 40
رىزۋانگۈل هەققىدە قوشاق ................................ 44
ئانا ۋە جەڭچى ئوغۇل هەققىدە قوشاقلار ................. 47
جەڭچى باللار هەققىدە قوشاق ............................ 51
ئەنجانباي هەققىدە قوشاق ................................ 53
سوپاخۇن سوۋۇروپ هەققىدە قوشاق ........................ 56
ئابلا موللا هەققىدە قوشاق ............................... 59
هۇسىيىن مەتگاجىت هەققىدە قوشاق ........................ 62
شانىياز هەققىدە قوشاق .................................. 65
مەلىك باقى هەققىدە قوشاق ............................... 68
نىياز ئالتۇنچى هەققىدە قوشاق ........................... 71
توتىم هەققىدە قوشاق .................................... 73
مايىمخان هەققىدە قوشاقلار ............................... 77
نەۋرۇز قوشاقلىرى ........................................ 95
مۇچەل قوشاقلىرى ......................................... 102

كۆك ( مايسا) مەشرىپى قوشاقلىرى ...................... 105
چىن مودەن قوشاقلىرى .................................. 107
ھەمرا بىلەن ئانارخان قوشاقلىرى ........................ 113
گۈلەمخان ھەققىدە قوشاقلار ............................ 121
گۈلدەسخان ھەققىدە قوشاق .............................. 127
ئايىمخان ھەققىدە قوشاق ............................... 129
سارىخان بانۇ ھەققىدە قوشاقلار ......................... 132
نۇزۇگۇم قوشاقلىرى .................................... 140
مىراجىخان ھەققىدە قوشاق .............................. 158
سادىر پالۋان قوشاقلىرى ............................... 161

# قىز كۆچۈرۈش قوشىقى

«قىز كۆچۈرۈش قوشىقى» — ھەم تارىخىي قوشاق، ھەم «توي - مەرىكە قوشىقى» بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان قوشاقلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە نارازى بولۇپ، ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلگەن سان - ساناقسىز ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ يۈرەك ساداسى سۈپىتىدە خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ قوشاق مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئورۇندا تۇرىدۇ.

1

ھاي - ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ،
گۈل قايدا بار؟ يارى - يار.
بىر ياخشىغا بىر يامان،
ھەر جايدا بار، يارى - يار.

ھاي - ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ،
قار كېلىدۇ يارى - يار.

بەرگى غازاڭ تون كىيىپ،
يار كېلىدۇ، يارى ـ يار.

يىغلىما قىز، يىغلىما قىز،
خۇش بولۇرسەن يارى ـ يار.
قارچىغىدەك يىگىتكە،
قۇش بولۇرسەن يارى ـ يار.

يىغلىما قىز، يىغلىما قىز،
تويۇڭ بولدى يارى ـ يار.
ئالتۇن گۇللۇك كۆشۈكلۈك،
ئۆيۈڭ بولدى يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
كېلىن كەلدى، يارى ـ يار.
ئىككى قولى كۆكسىدە،
خېنىم كەلدى يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
قانداق قىلاي يارى ـ يار.
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكنى،
پارە قىلاي، يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
كۆيدى يۈرەك يارى ـ يار.

تۆتقان يارىم ئۆزلىرى،
يوقتۇر بۆلەك يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
جانىم پىدا يارى ـ يار.
بارچە ئۇممەت گۇناھتىن،
كەچكەي خۇدا، يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
كىمنىڭ تويى، يارى ـ يار.
ئاتاسى بار، ئاناسى بار،
قىزنىڭ تويى، يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
ئۆلەڭ كۆپتۇر يارى ـ يار.
ئۆلەڭ ئېيتقان تىلىڭدىن،
گۇللەر ئۇنسۇن يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
شادلىق بولسۇن يارى ـ يار.
قىزنى ئېلىپ جۆنىشەر،
ئاق يول بولسۇن يارى ـ يار.

پۈركەنمە قىز، پۈركەنمە،
كىم كۆردۇ يارى ـ يار؟

مەندىن باشقا رەڭگىڭگە،
كىم كۆيىدۇ يارى ــ يار؟

هاي ــ هاي ئۆلەك، هاي ئۆلەك،
جان غەنىيمەت يارى ــ يار.
جان غەنىيمەت بىلمىگەن،
هايۋان سۈپەت يارى ــ يار.

هاي ــ هاي ئۆلەك، هاي ئۆلەك،
يات بالىسى، يارى ــ يار.
ياخشى بولسا قېينانا،
ئۆز بالىسى، يارى ــ يار.

هاي ــ هاي ئۆلەك، هاي ئۆلەك،
مىس پەنجىدە يارى ــ يار.
هەر جاپاغا كۆنىدۇ،
قىز بىچارە يارى ــ يار.

هاي ــ هاي ئۆلەك، هاي ئۆلەك،
خۇمارلىقىم يارى ــ يار.
ئۇپا ــ ئەڭلىك كەتمەيدۇ،
تۇمارلىقىم يارى ــ يار.

هاي ــ هاي ئۆلەك، هاي ئۆلەك،
يىغلىدى قىز يارى ــ يار.

ئاتىسىنىڭ باغرىنى،
تىلغىدى قىز، يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
تويدۇر بۇگۇن يارى ـ يار.
دوست كېلەر، دۇشمەن كېتەر،
تويدۇر بۇگۇن يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
جانانە قىز يارى ـ يار.
ئاتا ـ ئانا دۆلىتىدە،
پەرۋانە قىز يارى ـ يار.

يىغلىما قىز، يىغلىما،
توي سېنىڭكى يارى ـ يار.
ئاستانىسى تىللادىن،
ئۆي سېنىڭكى، يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
ئۆلەڭچى قىز، يارى ـ يار.
ئاكام چاچقان چاچقۇغا،
يۇرگەنچى قىز يارى ـ يار.

چوڭ ئاكامنى سورىساڭلار،
ئورتا بويلۇق يارى ـ يار.

چىرايىدا كۆلكە ئوينار،
شېرىن سۆزلۈك يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
گۈللەر قىسقان يارى ـ يار.
بىر مەلىدە ئوينىشىپ،
ئىشتا پىشقان يارى ـ يار.

يىغلىما قىز، يىغلىما،
نۇر كەبى قىز، يارى ـ يار.
ئاتا ـ ئاناڭ رازى بولغان،
هۆر كەبى قىز، يارى ـ يارى.

تاغنى تۇمان ـ چاڭ باستى،
قار كېلىدۇ يارى ـ يار.
بەرگى غازاڭ تون كىيىپ،
يار كېلىدۇ يارى ـ يار.

ئەگرى ـ ئەگرى كوچىدا،
ئىز كېلىدۇ يارى ـ يار.
كىمخاب تونغا پۈركىنىپ،
قىز كېلىدۇ يارى ـ يار.

ئاپئاق ـ ئاپئاق توشقانلار،
سايدا تولا يارى ـ يار،

ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر،
تويدا تولا يارى ـ يار.

بەرگى غازاڭ تونىنىڭ،
بەرگى تولا يارى ـ يار.
قىز ئالمىغان يىگىتنىڭ،
دەردى تولا يارى ـ يار.

يىغلىما قىز، يىغلىما قىز،
تويلىشىڭدۇر، يارى ـ يار.
ئالتۇن بويلۇق گۇل يىگىت،
ئوينىشىڭدۇر يارى ـ يار.

كوچىڭىزنىڭ ياقىسى،
چىمەن ئىكەن يارى ـ يار.
كېلىنچەكنىڭ تەلىيى،
كەلگەنىكەن يارى ـ يار.

كېلىنچەكنىڭ سۆزلىرى،
خۇددى مېغىز يارى ـ يار.
ئوت ـ پىراقى تۇتاشقان،
ۋاپادار قىز، يارى ـ يار.

مەلىمىزگە توي قىلىپ،
كېلىن كەلدى يارى ـ يار،

قوشاق بىلەن ساز بىلەن،
شېرىن كەلدى يارى ـ يار.

تېيىم بولسا مىنەتتىم،
ئات ئورنىغا، يارى ـ يار.
سۆيۈم بولسا ئىچەتتىم،
چاي ئورنىغا، يارى ـ يار.

ئارغامچىدا ئېسىلىپ،
ئۈچتى سىڭلىم يارى ـ يار.
مەھەللىگە گۈل بولۇپ،
چۈشتى سىڭلىم يارى ـ يار.

دەريانىڭ ئۇ قېتىمدا،
بىر توپ غوزا، يارى ـ يار.
بىر توپ غوزا تېگىدە،
ئالتۇن پاختا يارى ـ يار.

دەريانىڭ ئۇ چېتىدە،
بار شاپتۇلزار، يارى ـ يار.
شاپتۇلزارنىڭ تېگىدە،
نۇرغۇن قىز بار، يارى ـ يار.

بىر جۈپ گۈلدەك قىز ـ يىگىت،
خوپ ياراشقان يارى ـ يار.

تەڭ قىرشىنىڭ بەلگىسى،
تولۇپ تاشقان يارى ـ يار.

هارۋام ماڭسا ئاۋازى،
گۇلدۇر ـ گۇلدۇر يارى ـ يار.
كېلىنچەكنى سورىساڭ،
قىزىل گۇلدۇر يارى ـ يار.

بىزنىڭ ئۆينىڭ كەينىدە،
بىر باغ پاخال، يارى ـ يار.
كۇيئوغۇلنى سورىساڭ،
پاقماق ساقال، يارى ـ يار.

چىمىلدىقنىڭ چېتىدىن،
چاشقان قاچتى، يارى ـ يار.
كىرەر يەرنى تاپالماي،
كۇيئوغۇل قاچتى يارى ـ يار.

سەككىز قىزنىڭ سەردارى،
بىز بولىمىز، يارى ـ يار.
سەككىز باغدا ئېچىلغان،
گۇل بولىمىز يارى ـ يار.

كۆيگەن يىگىت ئاشىقى،
چېۋەرمىدى يارى ـ يار؟

مەرد بولمىسا ئاشۇ قىز،
تېگەرمىدى يارى ـ يار؟

چوڭ تۇگمەننىڭ ئاۋازى،
كۆككە يەتكەن يارى ـ يار.
ئاشىق ـ مەشۇق خۇشلۇقى،
يۇرتقا كەتكەن يارى ـ يار.

2

قۇدرىتىڭدىن ياراتتىڭ،
ئادەم ئاتا يارى ـ يار.
ئادەم ئاتا جۇپتىسى،
ھاۋا ئانا، يارى ـ يار.

تاختا ـ تاختا كۆۋرۈكتەك،
تەختىڭ بولسۇن يارى ـ يار.
پەيغەمبەرنىڭ قىزىدەك،
بەختىڭ بولسۇن يارى ـ يار.

پەيغەمبەرنىڭ قىزىنى،
ئەلى ئالغان يارى ـ يار.
يارى ـ يار دەپ توي قىلماق،
شۇندىن قالغان يارى ـ يار.

ئۆزۈن ـ ئۆزۈن ئارغامچا،
ئىلەنگۈچكە يارى ـ يار.
چېكەن كۆڭلەك يارىشۇر،
كېلىنچەككە يارى ـ يار.

چېكەن كۆڭلەك يېڭىگە،
گۈل تۇتايلۇق يارى ـ يار.
يىگىتلەرنىڭ باغرىغا،
ئوت ياقايلۇق يارى ـ يار.

بىزنىڭ ئۆينىڭ بېغىدا،
بىر تۈپ ئەنجۈر يارى ـ يار.
شۇل ئەنجۈرنىڭ شاخلىرى،
تىللا زەنجىر يارى ـ يار.

زەرگەر ئەتكەن زەنجىرنى،
ئۈزۈپ بولماس يارى ـ يار.
خۇدا سالغان تەقدىرنى،
بۇزۇپ بولماس يارى ـ يار.

تىللا زەنجىر مەھكەمدۇر،
ئۈزۈپ بولماس يارى ـ يار.
قىز ـ يىگىتنىڭ رىشتىنى،
بۇزۇپ بولماس يارى ـ يار.

قەۋەت ـ قەۋەت قاتلىما،
قاتلىنادۇر يارى ـ يار.
قىزنى ئېلىپ يەڭگىلەر،
ئاتلىنادۇر يارى ـ يار.

قىزنى ئېلىپ يەڭگىلەر،
تۇرۇپ تۇرسۇن يارى ـ يار.
كېلىنچەكنى يىگىتلەر،
كۆرۈپ تۇرسۇن يارى ـ يار.

كېلىن چېۋەر قىز بولسا،
ئەل خېرىدار يارى ـ يار.
كېلىن ھۇرۇن قىز بولسا،
ئۇندىن بىزار يارى ـ يار.

دەريا تاشقىن، سۇ ئۇلۇغ،
ئۆتەلمىدىم يارى ـ يار.
ئېتىم ئورۇق، يول يىراق،
يېتەلمىدىم يارى ـ يار.

توسۇپ قويغان دەريانى،
شۇ يوغان تاش يارى ـ يار.
سېرىق قىلغان رەڭگىمنى،
شۇ قەلەمقاش يارى ـ يار.

دەريا بويلاپ كېلىمەن،
ئات ئوينىتىپ يارى ـ يار.
قولۇمدا پەرەڭ مىلتىق،
قۇشلار ئېتىپ يارى ـ يار.

ئېتىپ كەلگەن قۇشلىرىم،
ئالا ئىكەن يارى ـ يار.
بۇ مەلىنىڭ قىزلىرى،
بالا ئىكەن يارى ـ يار.

شاھىمىكىن، ئەتلەسمۇ،
كىيگەنىڭىز يارى ـ يار؟
ئارتۇقمىكىن بىزدىنمۇ،
سۆيگەنىڭىز يارى ـ يار؟

ئالتۇن پاختا تۇتقىلى،
بىلەك قېنى؟ يارى ـ يار؟
كۆرۈشمەككە يار بىلەن،
يۈرەك قېنى يارى ـ يار؟

مەن قامچامنى سالىمەن،
يامان ئاتقا يارى ـ يار.
قانداق جاۋاب بېرىمەن؟
قىيامەتتە يارى ـ يار.

باراڭلىقنىڭ ئاستىدا،
بىر توپ بالىلار يارى ـ يار.
بەش ـ ئون تەڭگە پۇل بېرەي،
يولنى توسما يارى ـ يار.

بەش ـ ئون تەڭگە پۇلۇڭنى،
خەجلەپ كېلىڭ يارى ـ يار.
تولۇن ئايدەك قىز بالىنى،
باشلاپ كېلىڭ يارى ـ يار.

شىلدىر ـ شىلدىر كېچىكتىن،
ئېرىنمەڭلار، يارى ـ يار.
بەش ـ ئون تەڭگە پۇلنى دەپ،
كېرىلمەڭلار يارى ـ يار.

ياتقا بەرگەن كېلىنىڭ،
رەڭگى سېرىق، يارى ـ يار.
كۆزدىن ئاققان ياشلىرى،
سۇلۇق ئېرىق، يارى ـ يار.

دەرياغا تاش ئاتماڭلار،
چۆكۈپ كېتەر، يارى ـ يار.
يىراقتا قىز بەرمەڭلار،
كۆچۈپ كېتەر، يارى ـ يار.

ئۈزۈن ــ ئۈزۈن ئارغامچا،
كۆككە يېتەر، يارى ــ يار.
كېلىن قىزنىڭ نالىسى،
يۇرتقا يېتەر، يارى ــ يار.

قوش ھارۋامنىڭ چاقلىرى،
لەرزان كەتتى يارى ــ يار،
ئىسسىتكىنە جان سىڭلىم،
ئەرزان كەتتى يارى ــ يار.

سىڭلىم ئۈچۈن قوۋۇرغام،
ئېگىلەدۇر يارى ــ يار.
قولۇمدىكى قوش ئۈزۈك،
سىيرىلادۇر يارى ــ يار.

شالدۇر ــ شۇلدۇر قومۇشقا،
سىرغام چۈشتى يارى ــ يار.
سىنالمىغان يىگىتكە،
سىڭلىم چۈشتى يارى ــ يار.

ئانىسىنىڭ روھلىرى،
كەلدىمىكىن يارى ــ يار؟
چىمىلدىقنىڭ باشىغا،
قوندىمىكىن يارى ــ يار؟

يىغلىما قىز، يىغلىما،
توي سىنىڭكى يارى ـ يار.
كۆكرىكىگە گۈل تاقىغان،
يار سىنىڭكى يارى ـ يار.

قاچتى ـ قاچتى دېمەڭلار،
قاچقىنى يوق، يارى ـ يار.
ھەمىيانىنىڭ ئاغزىنى،
ئاچقىنى يوق يارى ـ يار.

ھۇجرا ئۆينىڭ ئىچىنى،
جابدۇدى قىز يارى ـ يار.
قۇرداشلارنىڭ باغرىنى،
داغلىدى قىز يارى ـ يار.

ھارۋام ماڭسا ئىزىغا،
سەپتىم كېپەك، يارى ـ يار.
كېلىنچەكنىڭ كىيىمى،
بارى يىپەك، يارى ـ يار.

ھەي ـ ھەي يەڭگە، ھەي يەڭگە،
ساندۇق ئېچىڭ يارى ـ يار.
كېلىن ئايىم بېشىدىن،
تىللا چېچىڭ يارى ـ يار.

چىمىلدىقنىڭ ئىچىدە،
بىر جۈپ ئاشىق يارى ـ يار.
كۈيئوغۇلنى سورىسىڭىز،
ئالتۇن باشلىق يارى ـ يار.

چىمىلدىقىڭ چىرايلىق،
بويۇڭ چىنار يارى ـ يار.
بويۇڭغا كۆز تەگمىسۇن،
ئاساي تۇمار يارى ـ يار.

ئۆز قىزىنىڭ ئورنىغا،
بادام تىكسۇن يارى ـ يار.
بادام شاخى قايرىلغان،
بالام دېسۇن يارى ـ يار.

باي دەيسەنۇ ـ باي دەيسەن،
بېيىڭ قېنى؟ يارى ـ يار.
ساماۋاردا قاينىغان،
چېيىڭ قېنى؟ يارى ـ يار.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى،
ئاتقان ئاتام يارى ـ يار.
ئۆز قىزىنى تېنىمەي،
ساتقان ئاتام، يارى ـ يار.

بازاردىكى گۈرۈچنىڭ،
ئالاسى بار، يارى ـ يار.
كېلىنچەكتىن سورىساڭ،
بالاسى بار، يارى ـ يار.

قىيامەتلىك ئاتىسى،
رازى بولسۇن يارى ـ يار.
ئاق سۈت بەرگەن ئانىسى،
رازى بولسۇن يارى ـ يار.

تاغدا تايچاق كىشنەيدۇ،
ئات بولدۇم دەپ يارى ـ يار.
ئۆيدە كېلىن يىغلايدۇ،
يات بولدۇم دەپ يارى ـ يار.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا،
ئۆيلىرىڭىز، يارى ـ يار.
ئاپئاققىنە كۆرۈنەر،
بويلىرىڭىز يارى ـ يار.

ئاي يېنىدا بىر يۇلتۇز،
ئاي بالىسى يارى ـ يار.
كۈيئوغۇلنى سورىساڭ،
باي بالىسى، يارى ـ يار.

كۆيئوغۇلنى سورىساڭ،
سېخىي، خۇش چاغ يارى ـ يار.
قامەتلىرى كېلىشكەن،
سۆلەتى تاغ، يارى ـ يار.

3

قاتار ـ قاتار تۆگىلەر،
داۋان ئېشىپ تېز كېلەر.
ئۆركىشىدە ئولتۇرۇپ،
كارۋان بىلەن قىز كېلەر.

قىزنىڭ ئېتى گۈلچارە،
قىزدا ئىمكان يوق چارە.
بەرگى سۇنۇق بىچارە،
قۇرۇق قاقشال جان كېلەر.

بوزلاپ كېلەر بوتىدەك،
باقساڭ ھالى قورققۇدەك.
تىلى سايرار تۇتىدەك،
رەڭگى سامان ناز كېلەر.

ئالتۇن مەيە ئىچىدە،
تاۋار ـ دۇردۇن كىيىنىدە.
ئۆزى غەمنىڭ ئىچىدە،
بىر ماتەمدار ساز كېلەر.

ئالتۇن مەپە جىرىڭلار،
كارۋان كەلدى، قىچىڭلار.
قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىڭلار،
ئايدىن ئاپتاپ قىز كېلەر.

كارۋان بېشى قېرىكەن،
چۆلدە يۈرگەن بۆرىكەن.
نەپسى شەيتان پېرىكەن،
قىزغا قانداق جۈپ كېلەر؟

ھەي كارۋانچى يولۇڭ تاپ،
بولما ھەرگىز نا ئىنساپ.
قىزنى تاشلا، خىلىڭ تاپ،
ساڭا نومۇس - ئار كېلەر.

قىزنىڭ تونى غەم خەستە،
يېشى كىچىك ئون بەشتە.
قىلما قىزنى ھەس - ھەستە،
قىزغا جاھان تار كېلەر.

قىزنىڭ ئېتى گۈلچارە،
قانداق قىلسۇن بىچارە.
ئانىسى تولا يىغلايدۇ،
تاپالمايدۇ ھېچ چارە.

## ئۇچار قۇش ۋە هايۋاناتلار
## ھەققىدىكى قوشاقلار

تارىختىن بۇيان ئۇچار قۇش ۋە هايۋاناتلار ھەققىدە نۇرغۇنلىغان قوشاقلار ئىجاد قىلىنغان.

«ئۇچار قۇش ۋە هايۋانلار ھەققىدە قوشاق» — تۇر-مۇشنى مەنبە قىلغان خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۆزگىچە مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر تۈردۇر. بۇ قوشاقلاردا تۈرلۈك - تۈمەن هايۋانلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ياشاش مۇھىتى بەلگە قىلىنغان ئاساستا، ئۇلارنىڭ ئا-لەمنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى، ئىنسانىيەت بىلەن بىللە ياشايدىغانلىقى، تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئەنە شۇلار ئارقىلىق ساقلىنىدىغانلىقى، ئۇچار قۇش ۋە هايۋانلارنى ئاسراشنىڭ مۇھىملىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قوشاقلار مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

پاختەك ئېيتار يا رەھمان،
ئۆردەك ئېيتار يا سۇلتان.
غازلار ئېيتار يا سۇبهان،
ئايدۇنابات ئىچىدە.

قاغا ئېيتار يا ئاللا،
كەپتەر ئېيتار ئىللەللا.
بايقۇش ئېيتار ھۇ ئاللا،
چۆل - باياۋان ئىچىدە.

توخۇ كۇرۇك نەدىدۇر؟
خوراز سەھەر چىللايدۇ.
غاپىل ئادەم بىلمەيدۇ،
يېتىپ غەپلەت ئىچىدە.

ئەلھەمدۇ ئوقۇر قۇشقاچ،
ئاياغاپىل - كۆزۈڭ ئاچ.
نى ياتارسەن يالىڭاچ؟
غەپلەت يوتقان ئىچىدە.

تاغدا كۆپ قىرغاۋۇللار،
خەندان ئۇرار بۇلبۇللار.
چېچەك يۇرەر دۇلدۇللار،
باغۇ بوستان ئىچىدە.

ساردىن شۇڭقار تۇغۇلۇر،
شۇڭقار ئۆزى قۇش بولۇر.
قارچىغا توشقان ئالۇر،
جىمى قۇشلار ئىچىدە.

لاچىن ئېيتۇر ئۇچتۇم مەن،
يات دامىغا چۈشتۇم مەن.
ھەق دادىنى ئۇنۇتتۇم مەن،
ئاياق باغىم ئىچىدە.

تۇرنا ئېيتۇر ئۇچارمەن،
كۆك ئاسماننى قۇچارمەن.
ھىندىستاندا قىشلارمەن،
قىش ـ زىمىستان ئىچىدە.

تۆگە ئۆزى كۇس ماڭلاي،
قىل گېپىگنى مەن ئاڭلاي.
بويۇنلىرىڭ بەك دوناي.
جىمى ھايۋان ئىچىدە.

چىلە بىلەن ۋىتىۋالاق،
سۇدا ئوينار ئاق چاپاق.
ئېگىز ـ پەس ھەم ئۇچار ھەرۋاخ
دەشت ـ باياۋان ئىچىدە.

جاڭگاللاردا بەك تولا،
تۈلكە بىلەن ئاق توشقان.
قاپقانچىدىن بەك قورققان،
قېچىپ جاڭگال ئىچىدە.

كېلەر بىلەن پاتمىچۇق،
سېرىق قۇرت، كەسلەنچۈك.
چېكەتكە ھەم ئۆمۈچۈك،
باردۇر ئالەم ئىچىدە.

ئادەملەر مىنەر ئاتنى،
قېچىر بىلەن ئېشەكنى.
ئادەم مىنسە يارىشۇر،
چېپىپ يوللار ئىچىدە.

دۇرۇت ئوقۇر ئاق قۇشقاچ،
ھەق يادىدا، قورساق ئاچ.
رەھمىتىڭنى ماڭا ئاچ،
مۇرغى زارەن ئىچىدە.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە قوشاقلار

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ــــ شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى. يولداش ماۋزېدۇڭ: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ــــ جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. خۇددى ماۋ زې- دۇڭ ئېيتقاندەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۇزۇن مۇددەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە تەربى- يىسىگە ئىگە بولغان ھەرقايسى مىللەت ئىلغارلىرى ۋە ماركسىزمچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغالغان ئىن- قىلاب. ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىك ھوقۇقى ھەر مىللەتتىن يېتىشىپ چىققان ئىلغار زىيالىيلار ۋە مارك- سىزمچىلارنىڭ قولىدا بولغان. بۇ ئىنقىلابىنىڭ تۈپ يۆنى- لىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، جاھانگىرلىككە، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمغا قارشى تۇرۇش ئىدى. بۇ ئىنقىلاب ئەنە شۇ مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا پارتلى- غان، ئەگەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭغا قارشى كۆرەش ئېلىپ بارمىغان بولسا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەنگە قەدەر ئۈچ ۋىلايەت ئىن-

قىلابى پۈت دەسسەپ تۇرالمىغان بولاتتى. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى يەنە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالاتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1944 ـ يىلى نىلقىدا قوزغالغان. 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە چاقىرىلغان ھەر مىللەت ۋەكىللىرى يىغىنىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى رەسمىي تەسىس قىلىنغان. شۇندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئازادلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت قوشاقلار ــ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەشلىرىنى مەزمۇن قىلغان قوشاقلارنىڭ بىر قىسمى قاتارىدا مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ.

غېنى، پاتىخ، ئەكبەر[1]لەر،
جەڭ باشلىدى نىلقىدىن.
سالام يەتتى نىلقىغا،
دەردمەن غۇلجا خەلقىدىن.

قاراڭغۇنى يورۇتقان،
كۆكتىكى چولپان يۇلتۇز.
غېنى ھەم ئەكبەر باتۇر،
چاقناپ تۇرغان جۈپ يۇلتۇز.

① غېنى، پاتىخ، ئەكبەر ــ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ نىلقىدىن دەسلەپتە قوزغالغان ئىسيانكارلار.

ئۇيغۇر، قازاق ھەم شىبە،
مىلتىقىنى تەڭ ئاتار.
ئوق يېگەن ياۋ ئەسكىرى،
سايىنىڭ تېشىدەك ياتار.

غېنى باتۇر يېتىپ كەلدى،
ئالا ئاتنى ئوينىتىپ.
قوغلىدى گومىنداڭنى،
ھەرەمباغنى بويلىتىپ.

گومىنداڭ بېسىۋالدى،
جىرغىلاڭنى[1] ئاخشىمى.
چېرىكلەر ئېسىپ ئالدى،
نانىنى تېشىپ تاسمىنى.

گومىنداڭ چېرىكلىرى،
شەرەتنى بەك ئۇقىدۇ.
مىلتىق، قىلىچى تۇرۇپ،
كالتەكتىن بەك قورقىدۇ.

مەخپىر تۆرە[2] باش بولدى،
قار كېچىپ دۆڭگە چىقتۇق.
يامراپ كەلگەن چېرىكنى،
سايدىلا گۆرگە تىقتۇق.

① جىرغىلاڭ — غۇلجىدىكى جاي ئىسمى.
② مەخپىر تۆرە — ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى باشلىغۇچىلىرى.

ۋارقىرىساق «ھۇررا!» دەپ،
بىر چېرىك قاچالمىدى.
پىيما بىلەن ماڭالماي،
قاردىن يول ئاچالمىدى.

قاغىلار، ئەي قاغىلار،
ساڭا قىشتا دان بارمۇ؟
غېنى باتۇر چىقىپ كەلسە،
گومىنداڭدا جان بارمۇ؟

لەڭشاڭدىكى پوتەينى،
ئايروپىلان ئەگىيدۇ.
بىزنى ئەزگەن گومىنداڭ،
توقماق يېسە سەگىيدۇ.

باش ساقچى دەرۋازىدا،
غېنى باتۇر سۈرىتى.
شەھەر ئالغان باتۇرنىڭ،①
ھەر جايدا بار ھۆرمىتى.

سايدىن ـ سايغا ئۆتەلمەس،
ئەمدى بۆرە، تۈلكىلەر.

① شەھەر ئالغان باتۇر ــ ئەينى يىللاردىكى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەل ئاغزىغا ئەپلەشتى،
ئېيتقان ناخشا ــ كۈلكىلەر.

كۈلكە ئاڭلىغان چاغدا،
كاككۇكنىڭ ئۈنى دەڭلار.
دەردمەنلەرگە تۇغۇلدى،
ئىنقىلاب كۈنى دەڭلار.

## ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە قوشاقلار

ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدىكى قوشاقلار — ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئىجاد قىلىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن نادىر قوشاقلاردۇر.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى 1914 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك چېغىدىلا دادىسىدىن يېتىم قالغان. 1924 - يىلى تاغىسى ئۆمەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەركەنت رايونىدا دارىلئېتام، باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1929 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئالمۇتادا ئوقۇغان. ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1934 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە ئۆزبېكىستاندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان؛ 1937 - يىلى موسكۋا شەرق سوتسىيالىزمچىلىرى ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بارغان ۋە شۇ مەزگىلدە تاتارىستان قازان

ئۇنىۋېرسىتېتىدا پراكتىكا قىلغان. 1942 ـ يىلى، ئىك-
كىنچى دۇنىيا ئۇرۇشى سەۋەبىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ
كەلگەن.

ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، يەر
ئاستى ئىنقىلابىي تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇ-
غۇللانغان. 1943 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شېڭ شىسەي ھۆكۈ-
مىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىدە تۈرمىگە
تاشلانغان. 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قويۇۋېتىلگەندىن
كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى-
نىڭ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. ئىلگىرى ـ
كېيىن بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەربىي
ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ھۆكۈمەت ئەزاسى، ھەربىي
ئىشلار ھەيئەتلىكىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1946 ـ يىلى
7 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىدىكى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رە-
ئىسى بولغان. 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بىرلەشمە ھۆكۈ-
مەت پارچىلانغاندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ، ئابدۇكې-
رىم ئابباسوف، ئىسھاقبېك، دەلىلقانلار بىلەن بىرلىكتە
ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇ-
شىغا رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ غۇلجىدىكى مەزگىلىدە
«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش
ئىتتىپاقى»نى قۇرغان ۋە «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومى-
تېتىنىڭ رەئىسى بولغان. 1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ
22 ـ كۈنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بېي-
جىڭغا تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كې-

ڭشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، 8 ـ ئاي-نىڭ 27 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىركۇتىسكى رايونى بايقال كۆلى ھاۋا بوشلۇقىغا كەلگەندە، ئايروپىلاندىن كا-شىلا چىقىپ ھادىسىگە يولۇقۇپ، بەختكە قارشى قازا قىلغان. 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى رەئىس ماۋزېدوڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق قۇربانلارنىڭ ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەزىيە تېلېگراممىسى ئە-ۋەتكەن.

«ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە قوشاقلار» ــــ ئەنە شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، يېقىنقى زامان شىن-جاڭ تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ھۆج-جەتلىك رول ئوينايدۇ.

1

ئەخمەتجان ئىلى ئوغلى،  
مەيلەرگە چۈشمەيدۇ.  
دەردمەن غېمىنى يېگەن،  
ئەل دىلىدىن ئۆچمەيدۇ.

ئىچكەن چېيىم ئەتكەنچاي،  
چىنەمدە ئۈزىدۇ ئاي.  
ئەخمەتجاننى تاپقاندا،  
مىسكىن كۆڭۈل بولدى باي.

كاككۇك سايراپ ئۆتىدۇ،
گۇل لەيلى ئاراسىدىن.
قۇتۇلدۇردى ئەخمەتجان،
زۇلمەت تۈن ياراسىدىن.

ئەخمەتجان ھەم ئابباسوف،
ئەركىنلىككە باشلىغان.
ئىسھاقبېك ھەم دەللىقان،
ياۋ كۆزىنى ياشلىغان.

تۆت سەركەردە، باتۇرنى،
ئامان بول دەپ سايرايمەن.
زالالەتتىن قۇتقۇزغاچ،
قانات قېقىپ يايرايمەن.

ئازاد، ئەركىن زامانىنى،
ئېلىپ كەلدى ئەخمەتجان.
ئاڭلىساق ئاشۇ داھىي،
ئەلگە بەكمۇ كۆيۈمچان.

ناۋايلارمۇ ماختايدۇ،
بوۋايلارمۇ ماختايدۇ.
ئەخمەتجاننىڭ سۆزىنى،
ئەل دىلىدا ساقلايدۇ.

ئاسمانلارغا قارايمەن،
قان ـ ياش تۆكۈپ يىغلايمەن.
ئەخمەتجاننى يوق دەيدۇ،
ئۇنى كىمدىن سورايمەن؟

تۆت سەركەردە باتۇرغا،
قازا كەلدى دەيدىغۇ؟
ھەي، ۋاقىتسىز بۇ ئەجەل،
ئەل بەختىگە كەپتىغۇ؟ !

ھەي دەريا، تاغ، جاڭگاللار،
مۇڭ ـ زارىمغا ئۇن قاتما!
گومىنداڭدىن قۇتقۇزغان،
ئەخمەتجاننى يوقاتما.

ياقا، ئېتەك ھۆل بولدى،
باسقان ئىزىم كۆل بولدى.
ئەخمەتجان دەپ زار قاقشاپ،
ئىزدىگىنىم چۆل بولدى.

ئەل ماڭمايدۇ ئىسسىقتا،
نىم بولغاندۇ دىمىقتا؟
دېھقانلار كەتمەن تۇتۇپ،
قاراپ قاپتۇ ئېرىققا...

ئايروپىلان ئاسماندا،
تاغقا قاراپ تېگىپتۇ.
ئاسماندىكى قازانى،
ئەللەر نەدىن بىلىپتۇ؟

مۇڭلانمىغىن جامائەت،
ئەخمەتجاننىڭ ئىزى بار.
ئۆتۈپ كەتتى قاتتىق قىش،
ئەمدى كېلەر يېزى بار.

بىر كاككۇك ئۇچۇپ كەتتى،
كەپتەرخاننىڭ بېشىدىن.
سەزمەپتىمىز ئۆتكەننى،
ئەخمەتجاننىڭ قېشىدىن.

قارىغۇدى «يالت» ئېتىپ،
چولپانمىكىن دەپتىمەن.
جىرغىلاڭ كەلكۈنىنى،①
توسۇغىلى كەپتىكەن.

ئەخمەتجانىم ئاي بولۇپ،
كېچىلەرنى يورۇتتۇڭ.
تومۇزدىكى ئاپتاپتەك،
كۆز ياشلارنى قۇرۇتتۇڭ.

---

① جىرغىلاڭ — شۇ يىللاردا جىرغىلاڭدا كەلكۈن ئاپتى يۈز بەرگەنىدى، ئەخمەتجان بۇ يەرگە كەلگەن. بۇ شۇ ئىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەخمەتجان، ئەي ئەخمەتجان،
سەن بىزلەرگە جان بەرگەن.
بىز سىنىڭ يولۇڭ بىلەن،
ئەركىنلىك گۈلى تەرگەن.

2

سەھەر چىققان كۈن ئوخشاش،
كۈلۈپ تۇرغان ئەخمەتجان.
ئەل ـ يۇرتىغا ئوت كەبى،
كۆيۈپ تۇرغان ئەخمەتجان.

ئەلنىڭ مۇڭى، ھالىنى،
سوراپ تۇرغان ئەخمەتجان.
قىزىلگۈلدەك باغدىكى،
پۇراپ تۇرغان ئەخمەتجان.

دەككىسىنى دۈشمەننىڭ،
بېرىپ تۇرغان ئەخمەتجان.
كىملەر ياخشى، كىم يامان،
بىلىپ تۇرغان ئەخمەتجان.

چوڭقۇر سۆزلۈك، سىپايە،
ئىللىپ تۇرغان ئەخمەتجان.

ھەممىدىن تەڭ ھال سوراپ،
بېرىپ تۇرغان ئەخمەتجان.

يېتىم - يېسىر، نامراتقا،
كۆيۈپ تۇرغان ئەخمەتجان.
شەپقىتىنى يوقسۇلغا،
تۆكۈپ تۇرغان ئەخمەتجان.

قەدەملىرى سەھراغا،
تېگىپ تۇرغان ئەخمەتجان.
ئەقىل - ئىدراك تۇرقىدىن،
يېغىپ تۇرغان ئەخمەتجان.

ئىنقىلابتا جاپانى،
يېڭىپ تۇرغان ئەخمەتجان.
ئەركىنلىككە خەلقنى،
سېلىپ تۇرغان ئەخمەتجان.

مائارىپنى ھەممىدىن،
ئەلا بىلگەن ئەخمەتجان.
مەكتەپ قۇرۇپ سىنىپقا،
كىرىپ تۇرغان ئەخمەتجان.

سىز بولغاچقا ئەخمەتجان،
ئوڭلانغان كۆپ ئىشىمىز.

ياغقان بەرىكەت خامانغا،
ساڭغا تولغان ئېشىمىز.

دەيدىكەنغۇ چوڭ ـ كىچىك،
يۇرىكىمىز، پارىمىز.
چىڭقىچۇشنىڭ كۈنىدەك،
تۈندە تولۇن ئايىمىز.

سىزنى ئويلاپ ئىلىدا،
بۇ قوشاقنى توقۇغان.
جايى جەننەت بولسۇن دەپ،
دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇغان.

3

ئىنقىلابىي باشچىمىزغا،
كۆڭلۇم بىر داستان ئېرۇر.
ساھىباندۇر بۇ ۋەتەنگە،
رەھمىتى ئاسمان ئېرۇر.

خۇش خۇلق، ئەخلاقى خوپ،
ھېچكىم ئۇنىڭدىن رەنجىمەس.
موللا، ئالىم، ياش يىگىتلەر،
ئەمرىگە قۇربان ئېرۇر.

ئول يىگىتتۇر ئىسمى،
ئەخمەتجان قاسىمى، قەلبى پاك.
ئىنقىلابىي داھىي، رەھبەر،
قىلمىشى ئېھسان ئېرۇر.

باغ بىنا قىلدى ۋەتەنگە،
خەلقچىللىق تىكتى كۆچەت.
كىم ئەگەر قەست ئەيلىسە،
ئۇ يەر بىلەن يەكسان ئېرۇر.

ئۇ مۇبارەك باغ ئارا،
دۇشمەن تىكەن چاچماق بولۇپ.
شۇم تىكەن ئۆسمەي ھامان،
مېھنىتى گۇمران ئېرۇر.

چىن يۈرەكتىن ئەيلىدىم،
ئابدۇرەھىم قۇتلۇق دۇئا.①
مەقسەت زامان بەرسۇن خۇدا،
كۆڭلۈمدىكى ئارمان ئېرۇر.

① بۇ قوشاقنى ئەينى يىللاردا ئابدۇرېھىم ئىسىملىك بىر كىشى يازغان بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوموميي خەلق ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان كوللېكتىپ بايلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

## غېنى باتۇر ھەققىدە قوشاقلار

«غېنى باتۇر ھەققىدە قوشاقلار» — ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئەڭ كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى.

غېنى باتۇر — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ھەر-بىي رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئۇ «خەلق قەھرىمانى» نامىغا ئېرىشكەن. ئۇ غۇلجىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا، مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ، سانسىز جەڭلەردە قان كېچىپ ئۇرۇش قىلىپ، ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان. ئۇ ھەققىدە تارقالغان قوشاقلار ئۇنىڭ قەھرىمان - باتۇرلۇقى، ئىس-يانكارلىق روھى، جەڭلەردىكى پەم - پاراسىتى قاتار-لىقلارنى ئەكس ئەتتۇرگەن بولۇپ، ئەينى دەۋرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىنقىلابقا يولباشچى،
ئابدۇغېنى باتۇرۇم.①
يۈرىكى چوڭ قازاندەك،
باتۇرلۇقى ئارتۇقۇم.

غېنى دەسلەپ قوزغالغان،
نىلقىدىكى توقايدىن.
ئەل باتۇرى غېنەمدەك،
چىقامدىكىن ئوڭايدىن؟

غېنى باتۇر ئاتلانغان،
خەلق تەڭلا قوزغالغان.
قارا زۇلمەت، تۈنلەردە،
ئىنقىلاب ئوتى يانغان.

غېنى باتۇر باش بولغان،
ئەسكەر توپلاپ ھەرياندىن.
قوشۇن ئۆرنەك ئالغانكەن،
قورقماس سادىر پالۋاندىن.

① غېنى باتۇر — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى، ھەققانىيەتچىلىكى، ئۇرۇشتىكى باتۇرلۇقى، كۆچتۆگگۈرلۈكى بىلەن خەلق ئارىسىدا نام چىقارغان. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن تۆھپە قوشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. 1956 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن ۋە 1990 ـ يىللاردا ئالمۇتادا ئالەمدىن ئۆتكەن.

قاغىلارىۋ ـ قاغىلار،
ساڭا قىشتا دان بارمۇ؟
غېنى باتۇر چىقىپ كەلسە،
گومىنداڭدا جان بارمۇ؟

قومۇشلۇقتا، تاغلاردا،
دەرد ـ ئازابلار تارتقان ئۇ.
ئەل ئارىلاپ «قوزغال!» دەپ،
مەردلەرگە جان قاتقان ئۇ.

بېسىپ كەلگەن دۈشمەنگە،
دەسلەپ ئوقنى ئاتقان ئۇ.
ئىككى ـ ئۈچ يۈز چېرىكنىڭ،
بىرىنى قويماي چاپقان ئۇ.

غېنى باتۇر ئاسقان چىڭ،
مىلتىق بىلەن قىلىچنى.
كېچە ـ كۈندۈز ئويلىغان،
يۇرتنى ئازاد قىلىشنى.

گومىنداڭنىڭ غېنىگە،
قويغان ئېتى «زىۋازا.»[1]

① زىۋازا ـــ خەنزۇچە «ئوغرى» مەنىسىدە.

ئەسكەر توپلاپ شە(ھەر) ئالغان،
غېنى باتۇر ئەرۋازا.①

كۆرەرمەنمۇ غېنەمنى،
ئېيتمۇالسام سىنەمنى.
چوماق بىلەن يوقاتتى،
گومىنداڭچى گىنەمنى.②

غېنى باتۇر ئات مىندى،
خەقتىن سوراپ ئاڭلايمەن.
ئۇچۇپ بېرىپ لاچىندەك،
بىر كۆرۈشنى ئويلايمەن.

① ئەرۋازا ــ «ئوغۇل بالا» مەنىسىدە.
② گىنەم ــ دۈشمەن مەنىسىدە.

## رىزۋانگۈل ھەققىدە قوشاق

رىزۋانگۈل — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باتۇر جەڭچىسى، شەرەپلىك ئىنقىلابىي قۇربان، ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئۆرنىكى، ئىپتىخارى.

رىزۋانگۈل 1925 - يىلى قازاقىستاننىڭ چىلەك رايونىدا تۇغۇلغان، 1932 - يىلى غۇلجىغا كۆچۈپ كەل - گەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ، 1944 - يىلى غۇلجىنىڭ ھەرەم - باغ دېگەن يېرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بولغان ھەل قىلغۇچ جەڭگە قاتناشقان. مىللىي ئارمىيىدە تۇرغان مەزگىلىدە ئالدىنقى سەپتە ياردار بولغان جەڭ - چىلەرنى كۈتۈش، يۆتكەش، داۋالاش ئىشلىرىغا قاتناشقان. بىر قېتىملىق جىددىي جەڭدە ئۇ بىر ياردار جەڭچىنى داۋالاۋاتقان پەيتتە تۇيۇقسىز دۈشمەن ئوقى كېلىپ تې - گىپ، مەردلەرچە قۇربان بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى سۈپىتىدە مەدھىيىلەپ

تىلغا ئالغان، ئۇنىڭ باتۇرلۇق ئىش ئىزلىرىنى قوشاققا قوشۇپ ناخشا قىلىپ ئېيتقان، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇنىڭ نۇرلۇق ئوبرازىنى ياراتقان. رىزۋانگۇل دېگەن بۇ نام مىللىي ئارمىيىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇلۇغ مىللىي كۈرىشىنىڭ ئوت ـ گۈلخانلىرىنى ئۇلغايتىشىغا ئىلھام بەرگەن.

«رىزۋانگۇل ھەققىدە قوشاق»تا، كۈرەش قەھرىمانى رىزۋانگۇلنىڭ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئەركىن ـ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى، ياش جېنىنى بېغىشلىغان ئالىيجاناب روھى مەدھىيىلەنگەن ۋە ئەسلەنگەن. بۇ قوشاق ياش ئەۋلادلارغا ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ.

خەۋەر كەلدى گويا بىر،
«سولدى» دېگەن قىزىلگۈل.
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا،
ئەمەسمىدى رىزۋانگۈل؟

ئەل داڭقىنى ياد قىلىپ،
دۈشمەنلەرنى ئېتىپ كۈل.
بەل باغلىغان جەڭلەردە،
ئۈيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.

ئۇنتۇلسىمۇ؟ ھېچقاچان،
ئۇنتۇلمايدۇ رىزۋانگۈل.
ئۇ بىر توزۇماي ئېچىلىپ،
تۇرغان ئەسلى قىزىلگۈل.[1]

① ئەسلى بۇ قوشاقنى سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ق. ھەسەنوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە يازغان. كېيىنچە بۇ قوشاق ئۈچ ۋىلايەت جەڭچىلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، كوللېكتىپنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

## ئانا ۋە جەڭچى ئوغۇل ھەققىدە قوشاقلار

«ئانا ۋە جەڭچى ئوغۇل ھەققىدە قوشاقلار» — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئەڭ كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى. بۇ قوشاقتا مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان باتۇر جەڭچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان سالام خەتلىرى ۋە بۇ خەتلەر ئارقىلىق ئۆزئارا بىر - بىرىگە بىلدۇرگەن مۇھەببەتنى گىرەلەشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ يۇرت - ۋەتەننى قوغداشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇ قوشاقلار ئىنتايىن تەسىرلەندۇرۇش كۈچىگە ئىگە.

1

### ئانىنىڭ فرونتتىكى جەڭچى ئوغلىغا يازغان خېتى

ئاق قوزام، ئاپئاق قوزام،<br>
نەلەردە قالدىڭ يالغۇزۇم؟<br>
شېرىن سۆزۈم، شەربەت يۈزۈم،<br>
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

خەت دېگەن يېرىم دىدار،
يازغىن سالامىڭنى قوزام.
كۆكسى ـ قارنىمنى قاندۇراي،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

2

## فرونتتىكى جەڭچى ئوغۇلنىڭ ئانىسىغا يازغان جاۋاب خېتى

ئانىجان يادىمدا بار،
تىنماي ئازاب تارتقانلىرىڭ.
كېچىلەردە ئۇخلىماي،
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ.

سەن ماڭا دۇئا قىلىپ،
«قوتقۇز ئانا يۇرتنى!» دېدىڭ.
يىغلىماي كۈلسۈن ئېلىڭ،
«يوقات هامان جۇتنى» دېدىڭ.

مەن بولۇپ جەڭلەر ئارا،
قىلدىم ئادا ۋەدەمنى مەن.
ئارمىنىڭ قالماس ئۇچۇن،
چىڭ ساقلىدىم ئەهدەمنى مەن.

ئون سەككىز ياشمىغىچە،
شەربەت بېرىپ باقتىڭ مېنى.
رازى بولغىن جان ئانا،
ئەمدى كۆرەلمەيمەن سېنى.

چۈنكى مەن، دۈشمەن بىلەن،
مەيداندا جەڭ قىلغانىدىم.
ياۋ لەشكىرىنى ئۆلتۈرۈپ،
كۆكرەكتىن ئوق يېگەنىدىم.

ئۈشبۇ خەت يازدىم مانا،
جان چىقارىم ۋاقتىدا.
ئۈشبۇخەت تەگكەن زامان،
پەرياد ئۇرۇپ يىغلا ئانا.

كۆپ يىغلىما جانىم ئانا،
ھەر جايدا باردۇر بۇ ئۆلۈم.
ئەپسۇسكى، قالدى ئېچىلماي،
ئون گۈلۈمدىن بىر گۈلۈم.

كۆپ يىغلىما جانىم ئانا،
مۇراد تېپىپ ئۆلدۈم بۈگۈن.

ئاق سۈتۈڭنى ئاقلىدىم،
جەڭ غەلىبىدىن كۆلدۈم بوگۈن.

كۆپ يىغلىما جانىم ئانا،
شېھىت بولۇپ ياتتىم قىنىپ.
قانلىرىم تاڭ ھۆسنىگە،
نۇر چېچىپ كەتكەي سىڭىپ...

## جەڭچى باللار ھەققىدە قوشاق

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئالدىنقى سەپتە قان كېچىپ جەڭ قىلىشقان جەڭچىلەر ھەققىدە نۇرغۇن ناخشا ـ قوشاقلار ئىجاد قىلىنغان.

بۇ قوشاق ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە مەدھىيە ئوقۇلغان سانسىز قوشاقلارنىڭ بىرى، ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ ئەركىنلىك، ئادالەت ئۈچۈن ياش جېنى، ئىسسىق قېنىنى ئېقىتىشقان مەرد ـ باھادىرلارغا يوللىغان يۈرەك سالامىدۇر. بۇ قوشاقلار تارىخنىڭ ئەينەن خاتىرىسىدۇر.

قاتار ـ قاتار تىزىلغان جەڭچى باللار،
ئوتلار يانغان جەڭ قوينىغا ئاتلانغانلار.
ئوق، زەمبىرەك، ئوتلار ئىچىدە ئۆتكەن چاغدا،
جانجىگەرىم ئوغلانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

قاتار ـ قاتار تىزىلغان جەڭچى باللار،
قوللىرىغا قورال ئېلىپ ئاتلانغانلار،

زۇلۇم - زۇلمەت زەنجىرىنى ئۈزگەن چاغدا،
جانجىگەرىم ئوغلانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

قاتار - قاتار تىزىلغان جەڭچى باللار،
باھادىرلىق مېدال ئاسقان قەھرىمانلار.
شېھىتلەرنى كېپەن تىكىپ كۆمگەن چاغدا،
جانجىگەرىم ئوغلانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

ئەسىرلەردىن ھۆكۈم سۈرگەن زۇلمەت كۈنلەر،
چىقتى بۈگۈن مىللەت ئوغلى، پىدائىيلار.
كۈرەش بىلەن ئازادلىققا يەتكەن چاغدا،
جانجىگەرىم ئوغلانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

## ئەنجانباي ھەققىدە قوشاق

ئەنجانباي — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى داڭلىق تارىخىي شەخس. ئۇ قەشقەرنىڭ ئوپالدا ياشىغان. كېيىن مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، تاشقورغانغا توپلانغان «تاغ ئىنقىلابى» دەپ نام ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلىرى قوشۇنىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ تاغ ئىنقىلابىدىكى ئاجايىپ باتۇر، قەيسەرلىكى، جەڭگە قوماندانلىق قىلىشتىكى پەم - پاراسىتى ۋە ھەربىي ماھارىتىنى ئالقىشلاپ، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك ئۇنىڭغا پودپولكوۋنىكلىك نامىنى بېرىپ، ئويتاغ پولكىنىڭ مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەنۇبىي فرونت قوماندانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى نۇرغۇن قېتىملىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ، خەلق ئارىسىدا داڭ چىقارغان. بەختكە قارشى چەشتاغدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە خائىنلارنىڭ سېتىۋېتىشى بىلەن دۈشمەن تەرەپتىن تۇتۇلۇپ قېلىپ، كاللىسى ئېلىنغان. ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىدە خەلققە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن قۇربان بولغان.

ئەنجانباي ھەققىدە كېيىنكى مەزگىللەردە بىر قىسىم ئە-
دەبىي ئەسەرلەر يېزىلغان. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ دەۋرنىڭ
جانلىق گۇۋاھچىسىدۇر.

ئەنجانباي باشچىلىق قىلغان پارتىزان ئەترىتى-
دىكىلەرنىڭ ئوپال بازىرىغا كىرگەندە ئېيتقان قوشىقى:

ئەنجانباينىڭ ئەسكىرى بىز،
تاغ تورادا جەم بولغان.
زۇلۇمنى يوق قىلىشقا،
تۇغ بولغان، ئەلەم بولغان.

يۇرت- يۇرتتىن ئۇيۇشقان بىز،
ھەقنى دەپ ئۇيۇل تاشتەك.
زالىملارنى يانجىيمىز،
گوياكى تېرىق، ماشتەك.

قولغا قورال ئالغان بىز،
ئەركىن، ئازاد ياشاشقا.
يولىمىزدىن تايمايمىز،
خەۋپ كەلسىمۇ باشقا.

قوزغالدۇق، قۇل بولمايمىز،
ئەمدى ئوخلاپ ياتمايمىز،
ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى،
ئارقىغا ئەسلا يانمايمىز.

ھۇررا ! ھۇررا ! ھۇررا !
ھۇررا ! ھۇررا ! ھۇررا !

ئەنجانباينىڭ كاللىسى ئېلىنغاندىن كېيىن، ئوپالدا ئۇنىڭ كاللىسى سازايى قىلىنغان. شۇ چاغدا ئوپال بازىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

ئازابتا ئۆتتى بۇ كۈنلەر (يا ئاللا)
قاپلاپ جاھاننى زۇلۇملار (يا ئاللا)
سەلدەك ئاقتى قىزىل قانلار (يا ئاللا)
ئۆلۈپ ياش ـ قېرى، ئوغلانلار (يا ئاللا)

ئالا ئاتقا سەكرەپ مىنىپ (يا ئاللا)
چۈشتۈڭ جەڭگە غەزەپلىنىپ (يا ئاللا)
قىردىڭ دۈشمەننى جان تىكىپ (يا ئاللا)
كېچە ـ كۈندۈز قانلار كېچىپ (يا ئاللا)

تانىمىدىڭ ھەق يول دەپ جەڭدىن (يا ئاللا)
ئايرىلىساڭمۇ ئەزىز جاندىن (يا ئاللا)
بىز رازى، ئاللا رازى سەندىن (يا ئاللا)
ماڭىمىز سەن ماڭغان يولدىن (يا ئاللا)

ھۇم، ئاللا، ھۇم،
ھۇم، ھۇم، ھۇم، ھۇم.

## سوپاخۇن سوۋۇروپ ھەققىدە قوشاق

سوپاخۇن سوۋۇروپ — قۇمۇل دىياردىن چىققان،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئالتە ئەزىمەتنىڭ بى-
رى. ئۇ 1915 - يىلى قۇمۇل شەھرىنىڭ ئاستانە يېزى-
سىنىڭ ئۆردەك كەنتىدە تۇغۇلغان، 2001 - يىلى 12 -
ئايدا ۋاپات بولغان.

سوپاخۇن كىچىك ۋاقتىدا ئۆز يېزىسىدا دىنىي تەلىم
ئالغان. 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرى قۇمۇل شەھرىدە ئې-
چىلغان تۇنجى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان، كېيىن ئۈرۈم-
چىدىكى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەردىكى ئاتلىق
31 - تۈەنگە تەقسىم قىلىنغان. ئالتايدىكى باندىت تا-
زىلاش ھەرىكىتىدە، مورى، گۇچۇڭ ئەتراپىدىكى جەڭلەردە
بۇلاڭچى - باندىتلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن. 1944 - يى-
لى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئىن-
قىلابىي قوشۇن تەرەپكە ئۆتۈپ، ئاتلىق پارتىزانلار ئەتر-
تىگە باشچىلىق قىلىپ، غۇلجا، مۇزات، تېكەس، باي،
ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا قان كېچىپ جەڭ قىلىپ ئەك-

سىيەتچىلەرگە زەربە بەرگەن. ئازاد رايوندىكى خەلقنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشى، تاشيول قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدىغا ياردەملىشىپ، ئىنقىلاب غەلىبىسى ئۇچۇن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى كۆرسىتىپ، كۆپ قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك «ئالتۇن مېدال» بىلەن مۇكاپاتلانغان.

سوپاخۇن ھەققىدىكى قوشاقلار ئەينى يىللاردا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى ۋە باتۇرلۇق ئىش ئىزلىرى مەدھىيىلەنگەن.

سو ليەنجاڭ[①] يېتىپ كېلىپ،
باندىت بىلەن ئۇرۇشتى.
بۇلاپ كەتكەن ماللارنى،
ئۆزىمىزگە بېرىشتى.

سو ليەنجاڭ ئاتار باشقا،
مىنگەن ئېتىدۇر قاشقا.
ئاتقان ئوقى باندىتنىڭ،
قاڭقىپ تېگىدۇ تاشقا.

قومۇلدىن چىققان سوليەنجاڭ،
ئەجەب چاققان مەرگەنكەن.

① سوپاخۇن ليەنجاڭ مەنىسىدە. كىشىلەر كېيىنچە ئۇنىڭ جەڭلەردىكى قەھرىمانلىقىنى ماختاپ، سوۋۇروپ دەپ ئاتىۋالغان.

ئۇنى كۆرگەن باندىتلار،
ئۈركۈپ بەدەر قاچقانكەن.

سولىيەنجاڭ پاناھ بولۇپ،
خەلقنى دائىم ئويلايدۇ.
ئەدىپىنى بېرىپ باندىتنىڭ،
يۇرتىمىزنى قوغدايدۇ.

## ئابلا موللا ھەققىدە قوشاق

ئابلا موللا — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى بىر تارىخىي شەخس. پامىر ئېگىزلىكىدە قوزغالغان «تاغ ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى قاتناشچىلىرىدىن بىرى. ئۇ تەخمىنەن 1920 - يىللىرى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسى يەلكەن كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا- بىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان جەنۇبىي فرونتتا پار- تىزانلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە قەشقەر ئويتاغ پولكىنىڭ رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بول- غان. 1945 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ تاشمىلىق، با- رىن تەۋەسىدە پارتىزان ئەترەت ئەزالىرى بىلەن مەخپىي ھەرىكەت قىلىپ، ئويتاغ پولكىنى تۇرلۇك ھەربىي ئاخ- بارات، ئاشلىق، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بى- لەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولغان. 1946 - يىلى 1 - ئاي مەزگىلىدە، يېڭىساردىن ئويتاغدىكى پارتىزانلار قوماندا- لىق شتابىغا ئاشلىق يۆتكەپ كېتىۋاتقاندا، چارلاشقا چىققان دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، تىغمۇتىغ جەڭ قىلغان ھەمدە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ

كەتمەكچى بولغان. ئۇ دۈشمەن بىلەن كەسكىن ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزى يالغۇز قېلىپ، ئوق - دورىسى تۈگەپ كېتىپ دۈشمەننىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغان ھەمدە دۈشمەن ئاخىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ يېڭىساردىكى گومىنداڭ تۈرمىسىگە قامىغان. ئۇ تۈرمىدە ياتقان ئۈچ ئاي جەريانىدا دۈشمەنگە قىلچە باش ئەگمەي، ئۇلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى ئەيىبلەپ، پار- تىزانلارنىڭ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇقىنى مەدھىيىلىگەن. بۇنىڭغا چىدىيالمىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇ- نى ئاخىرى 1946 - يىلى 3 - ئايدا تاشمىلىق شەنبە بازاردا ئېتىپ تاشلىغان. ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئوغلى ئۇ قۇر- بان بولۇپ ئەتىسىلا قەبرە بېشىدىن يېنىپ، تاغ ئارىسى- دىكى پارتىزانلار ئەترىتىگە قېتىلىپ كەتكەن.

«ئابلا موللا ھەققىدە قوشاقلار» — ئەنە شۇ مەزگىل- لەردە ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، تاشمىلىق، بارىندىكى خەلق ئارىسىدا تا ھازىرغا قەدەر ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

بۇ قوشاق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي فرونت ئەھۋالىنى چۈشىنىش، ئويتاغ پولكىنىڭ ۋە پارتىزانلار- نىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەش، بۈگۈنكى كۈندە ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،
باللىرىغا دان بەرگەن.

ئازادلىق دەپ جەڭ قىلىپ،
ئابلا موللا جان بەرگەن.

دۈشمەنگە باش ئەگمىگەن،
دوستلىرىنى ساتمىغان.
ۋاپا قىلىپ ۋەدىسىگە،
ياتلارغا دىل قاتمىغان.

خا ليەنجاڭ[1] ئىتىۋەتتى،
تاشمىلىق شەنبە بازاردا.
مەڭگۈلۈك ماكان تۇتتى،
يەلكەندىكى مازاردا.

تاغدىن پارتىزان كەلسە،
خا لیەنجاڭمۇ تايىنلىق.
جىم ياتامسەن، ئويغانماي،
تاشمىلىق[2]لىق، بارىنلىق[3]

ئابلا موللا ئۆلۈپ كەتتى،
ئىلىشقا قىساس قالدى.
قوزغىلايلى خالايىق!
ئىنتىقام، مىراس قالدى.

① خا لیەنجاڭ — گومىنداڭنىڭ لیەنجاڭ دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارى.
② تاشمىلىق — ھازىرقى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.
③ بارىن — ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى. بۇ ئىككى يېزا بىر – بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، تاغ ئىنقىلابىدا ناھايىتى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان.

## ھۈسيىن مەتگاجىت ھەققىدە قوشاق

ھۈسيىن مەتگاجىت (مۇھەممەت ۋاجىت) پىچاندىكى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى. 1946 ـ يىللىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پىچاندا پوتەي سې-لىپ، قورغان قۇرۇپ، خەلق بىلەن قارشىلاشقان مەزگىل-لەردە ھۈسيىن مەتگاجىت ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىپ، ئۆزىنىڭ قەھرىمان ـ باتۇرلۇقى، مەرد ـ چېۋەرلىكى بىلەن نام چىقارغان. ئۇ پىچان خەلقى ئارى-سىدا ئىنقىلابىي تەشۋىقاتنى كەڭ ئېلىپ بېرىپ، ياخشى بىلەن يامانىنى، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنى ياخشى ئاي-رىشنى، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ كېتىپ، زىيان تارتىپ قالماسلىقنى، بىر نىيەتتە ئۇيۇشۇپ، خەلق دۈشمەنلىرى بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشنى چاقىرىق قىلغان. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى پىچان دېھ-قانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا ئادەم تۇتۇپ قامىغان. بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى ناھەق

ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ھۈسيىن مەتگاجىت ئەنە شۇ ۋاقىتتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ تارىخى شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن.

«ھۈسيىن مەتگاجىت ھەققىدە قوشاق» — پىچاننىڭ ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەتگاجىت موللا دەيدۇ،
ئۆزگىچە موللالىقى.
ھۈسيىن ئاخۇننى زور قىلغان،
مەردلىكى، لىللالىقى.

ھۈسيىن زورنىڭ ئىتىنىڭ،
پىشانىسىدە قاشقىسى.
تىپىلمايدۇ پىچاندا،
ئۇنىڭدىن مەرد، ياخشىسى.

گومىنداڭ پوتەي سىلىپ،
تۇزاق قۇرغان ئۆزىگە.
ھۈسيىن زور دۈشمەنىنىڭ،
چىنەپ ئاتقان كۆزىگە.

ئىشەنمەڭلار ھەرگىزمۇ،
دۈشمەن سۆزى، ھىيلىسىگە.

جاپانى تولا تارتتۇق،
ئالدىنىپ ئاق سەللىسىگە[1].

ئۇ دېگەنتى: ئايرىڭلار،
بۇغداي بىلەن سامانىنى.
تونۇۋېلىڭلار خالايىق،
ياخشى بىلەن يامانىنى.

قاراڭلار تاغ باغرىغا،
تارام ـ تارام ئاقتى قان.
ھۆر ـ ئازادلىق يولىدا،
قېرىنداشلار بەردى جان.

① دىنىي نىقابقا ئورۇنۇۋېلىپ، ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلىپ، خەلقنى ئالدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## شانىياز ھەققىدە قوشاق

پىچان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ قەھرىمان جەڭچىسى شانىياز ھەققىدە ئىجاد قىلىنغان قوشاقلار ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان مۇھىم قوشاقلارنىڭ بىرى.

شانىياز ئەسلىدە پىچاننىڭ لەمجىن يېزىسىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئوغلى بولۇپ، كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ، ناھەقچىلىق بىلەن قەتئىي ئېلىشىدىغان قەيسەر ئىرادىلىك ياش ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، پىچان خەلقىگە غايەت زور ئىلھام بەردى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمى بىلەن ھوقۇقسىزلىق دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، جاھالەت ئىچىدە ياشاپ، زۇلۇم دەستىدىن ھالسىراپ، قەددى پۈكۈلگەن پىچان خەلقى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غايەت زور تەسىرى ئارقىسىدا، پىچاندىكى ياشلاردىن تەشكىللەنگەن بىر ئىنقىلابىي تەشكىلاتنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ تەشكىلاتقا شانىياز قاتارلىق نەچچە يۈزلىگەن دېھقان ياشلىرى قاتنىشىپ، قوللىرىغا قورال ئېلىپ، باراۋەرلىك، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك

ئۇچۇن كۈرەش قىلغان. ئۇلار يەنە خەلق رايى بويىچە ئەركىن سايلام ئېلىپ بېرىپ، ھوقۇقنى ئىلغار كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، نۇرغۇن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. سىڭگىم ئېغىزى، سىڭگىم، چىقتىم يېزىلىرىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قوراللىق ئېلىشىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. 1947 - يىلى فېۋرال ئېيىدا، پىچانغا كەلگەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر پىچان ياشلىرىنىڭ بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. شانىياز ھەققىدىكى قوشاق ئەنە شۇ تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن. بۇ قوشاقلار ئەينى يىللاردىكى پىچاندىكى ياشلار ئىنقىلابىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىياللىق رولىنى ئۆتەيدۇ.

جەڭگە چىقتى پىچاندا،
مىڭدىن ئارتۇق باتۇر ياش،
شۇ ياشلارنىڭ بىرىتى،
لەمجىندىكى شانىياز.

ياش قۇندۇزۇم شانىياز،
زىلۋا بويلۇق ئەر ئىدى.
قىرى - ياشۇ، دېھقانلار،
«قەيسەر يىگىت دەر» ئىدى.

ئۆلگەن بىلەن شانىياز،
ئەل ـ جامائەت ئۆلمىدۇق.
جەستىنى دۇشمەننىڭ،
تاشلىۋەتتۇق، كۆممىدۇق.

باتۇر ئىكەن شانىياز،
كەتتى ئەگمەي بېشىنى.
هايات قالغان قىز ـ يىگىت،
باسسۇن ئۇنىڭ ئىزىنى.

## مەڭلىك باقى ھەققىدە قوشاق

مەڭلىك باقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى پىچان دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ قەھرىمان ئوغلانلىرىدىن بىرى. ئۇ ئەسلىدە پىچان ناھىيىسىنىڭ چىقتىم يېزىسىدىكى بىر ئېزىلگەن نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى كۈرەش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ ئىنقىلابقا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە، ئېزىلگەن نامرات دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاشلىق، يەم - خەشەك تۇپلاپ، تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلغان، ئاتسىزلارغا ئات بېرىپ، يەم - بوغۇزى يوقلارغا يەم - بوغۇز تەييارلاپ بېرىپ، جەڭچىلەرنىڭ دۇشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىش روھىغا مەدەت بەرگەن. كۆپ قېتىملىق جەڭلەردە دۇشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، پىچان خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ۋە ماختىشىغا ئېرىشكەن.

«مەڭلىك باقى ھەققىدە قوشاق» — ئىنقىلابىي روھ بىلەن تولۇپ تاشقان بولۇپ، ياش ئەۋلادلارغا ئەنئەنە تەربىيىسى، قەھرىمانلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم

رول ئوينايدۇ. بۇ قوشاق تۇرپان، پىچان، توقسۇن دائىرىسىدە ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

چىقتىم خەلقى باتۇرى،
مەڭلىك باقى ئاسقالدى.
ئىنقىلابقا كېرەك - دەپ،
تاغار - تاغار ئاش ئالدى.

ئاسقال① سويدى قىرلىق قوي،
پالۋانلارنى يېسۇن دەپ.
ئوبدان توقلاپ قورساقنى،
دۈشمەنلەرنى قىرسۇن دەپ.

ئاتسىزلارغا ئات بەردى،
جەڭ قىلغاندا مىنسۇن دەپ.
راستلاپ بەردى يەم - بوغۇز،
ئات - ئۇلاغلار يېسۇن دەپ.

چىقتىمنىڭ يىگىتلىرى،
بۇ جەڭدە بوش كەلمىدى.
دۈشمەنلەردىن ئوتتۇزنى،
جان بېرىشكە قىستىدى.

---

① ئاقساقال، مۆتىۋەر مەنىسىدە.

مەڭلىك باقى كەلگەندە،
ئوقلار ئېتىپ مەيدانغا.
دۈشمەنلەر قول كۆتۈردى،
جېنى كەلگەچ تۇمشۇققا.

ئەر بار يەردە ئەل بولۇر،
يەر بار يەردە زىرائەت.
جەڭ قىلىمىز توختىماي،
جەڭدىن كېلەر ئادالەت.

## نىياز ئالتۇنچى ھەققىدە قوشاق

نىياز ئالتۇنچى — پىچان دېھقانلار ھەرىكىتىدىكى پا-ئالىيەتچان، تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئىنقىلابقا قاتناشقاندىن بۇيان، ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئۆتەڭ-ئىدىرلىقلاردا سەپداشلىرىنى كۇتۇپ، ئەپچىل چارە-تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، دۈشمەن يولىنى توسۇپ، غەلىبىلىك جەڭ قىلغان. ئۇنىڭ جەڭلەردىكى باتۇرلۇق ئىش-ئىزى خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. پىچان خەلقى ھازىرغا قەدەر ئۇنى ئەسلەپ كەلمەكتە.

باتۇر چىقتى پىچاندىن،
نىياز ئاخۇن ئالتۇنچى.
ئىدىرلىق، ئۆتەڭلەردە،
ساقلاپ تۇرغان بىر نوچى.

قۇمۇلدىن دۈشمەن كەلسە،
ياشلىرىمىزنى قىرغىلى.

نىياز ئاخۇن باردى تېز،
دۈشمەن يولىنى توسقىلى.

قىلىچ ئاسقان ھەر يىگىت،
جەڭدىن باشنى تارتمىدۇق.
ئەسلەپ نىياز باتۇرنى،
كۆزىمىزنى ياشلىدۇق.

# توتېم ھەققىدە قوشاق

توتېم (Totim) ئىندىئانچە ئاتالغۇ بولۇپ، «ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ھەر قايسى ئۇرۇق، قەبىلە، قوۋملارنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان ئېتىقاد سىيماسىغا ئايلانغان.

دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەت، ئۇرۇق، قوۋمنىڭ ئۆزىگە خاس توتېمى (قۇت بەلگىسى) بولىدۇ. توتېم ئېتىقادى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان ئېتىقادلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئالاھىدە بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى سۈپىتىدە بۈگۈنگە كەلگەن.

توتېم — بىر ئۇرۇق، مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى مۇقەددەس ھېسابلىغان مەخلۇقلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانسىز نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. تۈركلەر - ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىم تارىختا بۆرىنى ئۇلۇغلاپ، ئۆزىگە توتېم قىلغان؛ ئۇنى قوۋم جەڭگىۋارلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۆز بايراقلىرىنىڭ گېرىبى، مۇنتىزىم قوشۇنغا بېرىلىدىغان مەشھۇر نام سۈپىتىدە ئىشلەتكەن.① ئوبۇلغازى باھادىرخان-

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» 1981 - يىلى نەشرى. « 〈ئوغۇزنامە〉 دىكى توتېم ھەققىدە»، 110 -، 183 - بەت.

نىڭ «تارىخى شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «ئەرگىنەقون» رىۋايىتى خاتىرىلەنگەن بولۇپ①، بۆرە توتېمى ھەققىدە بىرمۇنچە قوشاقلار كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ھەققىدىكى قوشاقلىرى — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى، بېسىپ ئۆتكەن قەدەم باسقۇچ جەريانى، تۈرلۈك ئۆزگىرىشلىرىنى، توتېمنىڭ ئۇرۇقداشلىق ئىچىدە بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى، بىر مىللەت ئۆزىگە قوشۇۋالغان ئۇرۇقلار قانچىلىك كۆپ بولسا، ئۇنىڭ توتېمىنىڭمۇ شۇنداق كۆپ بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. توتېم ھەققىدە ھازىر ئوخشاش بولمىغان ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار مەيدانغا كەلمەكتە.

يىللار ئۆتتى، بىر ئات كەلدى،
تۈرك تەختىگە ئىلخان كەلدى.
ئوڭدىن ـ سولدىن دۈشمەن كەلدى،
قورۇلغانتى تۇزاقىمىز.

بېرىلمىدى بىرپەس ئارا،
قانلار ئاقتى بولۇپ دەريا.
ئۆلدى پۈتۈن بالا ـ چاقا،
خان، بەگ، ئەسكەر ئۇشاغىمىز.

① «ئەرگىنە قون» — ئوبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ «تارىخى شەجەرەئىي تۈرك» تە ئەرگىنە — تاغنىڭ كامىرى، قون ئۆڭكۈر، تاغلارنىڭ قىرلىرى دەپ ئىزاھلانغان. شۇ ناملىق كىتاب.

يالغۇز ئۆكۈز بىلەن قايان،
ئىككى قىزنى ئېلىپ قاچقان.
بىر تىك تاغقا ئالدىلەر جان،
بولار بولدى قاچاغىمىز.

تاغدىن ـ تاغقا يوشۇرۇنچە،
يۈردىلەرۈ ـبەس، ئون كېچە.
تاڭ سەھەر ۋاقىت كەلگىچە،
بىر ئىز بولدى ماكانىمىز.

قارىساقكى يېشىل بىر باغ،
ھەر تەرەپتە بەك ئېگىز تاغ.
كەڭ ۋە يېيكى زىچ بىر تۇزاغ،[1]
دېدۇق ياخشى تۇراغىمىز.

بۇ يەردە تۆت يۈز يىل قالدۇق،
بۇغا ئاينىپ، بىز كۆپەيدۇق.
چىقالمىغاچ بىز ئىشلىدۇق،
ئاۋات بولدى قوناقىمىز.

ئالما، ئۆرۈكنى كۆپ يېدۇق،
تۆمۈر سەندەل بىز ياسىدۇق.
«مەخپىي بىر يول تاپساق» دېدۇق،
تاغ تىلاتتى پىچاقىمىز.

---

① تۇراغ ـــ تۇزاق، قاپقان مەنىسىدە.

يوقتى بۆره بۇ ماكاندا،
بىر كۈن بولدى بۆره پەيدا.
بۇغىغا ئېتىلدى شۇندا،
كۆردى چوپان ياردەمچىمىز.

تۆشۈك كۆرۈپ بۆره كەتتى،
بىر تۆمۈرچى تەقىب ئەتتى.
ئوچاق يېقىپ تاش ئېرىتتى،
ئېچىلدى يول قورشاۋىمىز.

زور خۇشاللىق، كاتتا ئۆزره،
بايرام قىلدۇق كەنت ۋە ئۆيده.
نەۋره، ئوغۇل، دادا، جەدده،①
ئۇلۇغىمىز ھەم كىچىكىمىز.

تۆمۈرچىگە بۆره — دېدى،
خان تونۇلدى، تاج كىيىندى.
ئۆزى چۇشۇپ يول باشلىدى،
ئوڭ قولىدا بايراقىمىز.

بورتەجىنە بۆره ئاتى،
ئەرگىنە قۇن يۇرتىنىڭ ئاتى.
تۆت يۈز يىل تۇردۇڭ زادى،
چىق! ئەي يۈز مىڭ قورالىمىز.②

① جەدده — جەددى - جەمەت، بوۋا، ئەجداد مەنىسىده.

② «جۇ نامە»، «سۈينامە»، خەنزۇچە نەشرى، «بۆره توتېمى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر» دېگەن بابتا.

## مايىمخان ھەققىدە قوشاقلار

مايىمخان ــ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن بىر تارىخىي شەخس. ئۇ 1812 ـ يىلى غۇلجا نا ـ ھىيىسىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئىستىبداتلىق چىڭ خانىدانلىقىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا قارشى كۆرەش قىلىپ، پاك مۇھەببىتىنى قوغداش يولىدا مەردلەرچە قۇربان بولغان ئايال قەھرىمان.

مايىمخان ــ كىچىكىدىنلا زېرەك، ئەدەپلىك قىز بولۇپ ئۆسىدۇ، ئاتىسىدىن ناخشا ـ قوشاق ئۆگىنىپ، ئۆزىمۇ قوشاق توقۇپ، ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدۇ، كېيىن ـ چە دۇتار چېلىشنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، شۇ يېزىدىكى تەختۇشى ھېيتباقىنى ياخشى كۆ ـ رۈپ قالىدۇ ۋە ئۇ يىگىت بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ پۈتۈشىدۇ، بۇ ئىشقا ئاتا ـ ئانىسىمۇ قوشۇلىدۇ. بىراق، بۇ خەۋەر يۇرت ئىچىگە تارقالغاندىن كېيىن، يېزا بېگى ھامۇت توينى بۇزۇپ، مايىمخاننى كىچىك خوتۇنلۇققا ئال ـ ماقچى بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار ھامۇتبەگنىڭ پۈتلىكاشاڭ ـ لىرىغا قارىماي توي قىلىدۇ. ھامۇتبەگ توي ئۆتكەندىن

كېيىنمۇ ياۋۇز نىيىتىدىن يانماي، مايىمخان ئۇستىدە نۇرغۇن بەتناملارنى توقۇيدۇ، ئۆزىنىڭ غالچىسى سادىقنى كۆشكۆرتۈپ، شەنگەن ۋە ئامباللارغا مايىمخاننى يالغاندىن قارىلاپ، زىندانغا تاشلاتقۇزىدۇ ۋە ئاخىرى «ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان» دەپ گۇناھ ئارتقۇزۇپ، مايىمخاننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدۇرىدۇ. مايىمخان 1840 ـ يىلى 28 يېشىدا، غۇلجا شەھىرىدىكى ھازىرقى بويىنكېسىك دېگەن جايدا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەكسىيەتچى زالىملار مايىمخاننىڭ جىسمىنى ئەلدىن ئايرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ زۇلۇمغا، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى جەسۇرانە روھىنى خەلق قەلبىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. خەلق مايىمخاننى ياد ئېتىپ، ئۇ ھەقتە نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاق، ناخشىلارنى ئىجاد قىلدى، بۇ قوشاقلار تا بۈگۈنگىچە خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

«مايىمخان ھەققىدە قوشاقلار» ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

مايىمخاننىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتى ھېيتباقى بىلەن بولغان مۇھەببىتى ھەققىدە ئېيتقان قوشىقى:

مېنىڭ ئېتىم مايىمخان،
سول يۈزۈمدە خالىم بار.
چوكان جالا چېچىمدا،
خېنىملاردەك ھالىم بار.

مەن بىلىمنى باغلىدىم،
ھاۋارەڭ ياغلىق بىلەن.
تېخى نادان ئىكەنسىز،
يۈرۈسىز شاشلىق بىلەن.

قوش تېرەك ئاراسىدا،
قول ئېلىشقانىم قېنى؟
ئۆمۈرلۈك ئايرىلماسقا،
ۋەدە قىلغانىم قېنى؟

كۆڭۈل بەرمىسەم يارغا،
ئوق تەگمەس ئىدى جانغا.
ۋەدىگە ۋاپا ئىزدەپ،
يۈرەك پاتىدۇ قانغا.

كۆرۈنگەن قارا تاغدا،
ئات قارنىدا ياغدى قار.
ئۇنتۇلمايدۇ زادىلا،
كىچىكلىكتە تۇتقان يار.

ئېرى ئۆلسە سارەمنىڭ،
ئوسما قويدى ئەتىسى.

تېڭىۋاپتۇ پەرەڭنى،
توشماي تۇرۇپ يەتتىسى.①

ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى،
ئۆگزىلەردە قار بارمۇ؟
جاھاننى كېزىپ چىقتىم،
ساڭا ئوخشاش يار بارمۇ؟

سىڭلىم ئۆلدى گۇل كۆرۈپ،
ئىنىم بولسا چېچەكتە.②
يامان ئىكەن جۇدالىق،
يېتىپ كەلدىم ئۇۋەكتە.

بارارىمدا كۆك سۇدىن،
تىزغىچە كېچىپ ئۆتتۇم.
يانارىمدا نائىلاج،
كالىغا مىنىپ ئۆتتۇم.

موزاينى بېقىپ قويساق،
ئۈچ يىلدا كالا بولدى.
ھامۇتبەگ بىلەن سادىق،
باشلارغا بالا بولدى.

---

① دادامتۇدا ئەينى يىللاردا مۇشۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. مايىمخان بۇنى قوشاقتا قوشۇۋالغان.

② چېچەكتە — مايىمخاننىڭ ئىنىسىگە چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

ھەر ئىككىمىز بىر دېمەت،
تەڭلا كۆلگەن غۇنچىدەك.
ئايرىۋەتتى ھامۇتبەگ،
چىدىمىدى ياش يۈرەك.

ئالۋان ـ ياساق ئەۋج ئالغان كۈنلەردە، مايىمخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ، زۇلۇمنى ئەيىبلەپ ئېيتقان قوشىقى:

دەرياغا كېلىپ باقسام،
ئوتتۇرىسى چوڭقۇر ئىكەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
سىڭلىم ھەم ئاتا – ئانام.

سېلىقنى تولا سېلىپ،
«ئۇزۇن ساقال»① تويمىدى.
جېنى قۇرغۇر ئوپقانلار،
ئەل ھالىنى قويمىدى.

يىغلىدىم قاڭغىر قاقشاپ،②
خۇدا ئاھىمغا يەتسىچۇ؟
ئۆلۈمنى قولىدا تۇتماي،
زالىملارغا بەرسىچۇ؟

---

① دادامتۇدىكى ھامۇتبەگكە ئوخشاش چوڭ زومىگەر – بايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② مۇشۇ كۇپلېتتىن باشلاپ تۆۋەنكى توققۇز كۇپلېت قوشاق (ئالدىنقى ئۈچ كۇپلېت تەكرارلىنىپ) ئەينى زاماندا مايىمخان تەرىپىدىن ناخشا قىلىپ ئېيتىلغانىكەن. كېيىن يەنە بىر قانچە كۇپلېت قوشۇلۇپ بېيىغان.

بىۋاپا ئىكەن ئالەم،
كۆپ جاپا ئىكەن ئالەم.
ئايرىلماس دېگەنتۇق بىز
ئايرىغان ئىكەن ئالەم.

ئالغاچ كەتسە بولمامدۇ،
ماڭغان يوللىرى تارمۇ؟
ئىلىنى ئاختۇرۇپ كەلسەم،
مېنىڭدەك دەردى غەم بارمۇ؟!

قازاسى يەتمىسە ئۆلمەس،
دەريا سۈيى كەچكەنگە.
بوينى قايرىلار، ئۆلمەس،
زۇلمەت باشقا چۈشكەنگە.

سىڭلىم بەرگەن ئۈچ ئالما،
بىر - بىرىدىن بۆلەككەن.
بىزنى شۇنداق ئايرىغان،
مۇشۇ قارا پەلەككەن.

ئورما ئوردۇم سول تارتىپ،
تاناب قويغىن ئۈنچەمگە.
سول بېشىغا چىقالماي،
ئىزا بولدى پەخەمگە.

كەمبەغەلنىڭ يەرلىرى،
ساپان تەگمەي بوز بولدى.
تام ئۈستىدە تاش ئۇرسام،
ئېتىم ئوغۇلقىز بولدى.

هاشار بىلەن ياز كەتتى،
تۇرنا، ئۆردەك، غاز كەتتى.
مەن تىلىلىسام هامۇتنى،
سادىق تازغا دەز كەتتى.

كۆكتە ئوينىغان قۇشنى،
تۇرامدۇ قويىسلا باغلاپ؟
زۇلۇمنىڭ دەستىدىن كەتتى،①
بىلگەنلەر ئۆزى چاغلاپ.

ئاغا ـ ئىنىلەر كېتەيلۇق،
ئامانلىققا بەل باغلاپ.
ئاۋۋال ئاڭلىغان بولسام،
كېتەر ئىدىم تاغ ئاتلاپ②.

كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپىم،
يورۇقتى، قارا بولدى.

① شۇ زاماندا نۇرغۇن يېتىم ـ يوقسۇللار كۈن كەچۈرۈشكە ئىلاج قىلالماي، دادامتۇدىن ياقا يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن. مۇشۇ ئىشنى دېمەكچى.
② هامۇتبەگنىڭ نىيىتىنى بىلگەن بولسام، تاغ ئاتلاپ جەنۇبقا كېتەتتىم دېمەكچى.

كۆيگەن يارنىڭ دەردىدە،
يۈرىكىم يارا بولدى.

جۇدالىق دەردىنى تارتىپ،
ساق تېنىم يامان بولدى.
پارە ـ پارە ئىچ باغرىم،
ھۆسنىمۇ سامان بولدى.

تېكىلخاندىن قارىسام،
يۇرتۇمنى كۆرەرمەنمۇ؟
ئۇچۇپ ئوينىغان قۇشتەك،
شاد ـ خۇرام يۈرەرمەنمۇ؟

يۈگۈرۈك ئات تولا يۈگۈرۈپ،
چۆمىدۇ قارا تەرگە.
تېتىيمەن ھامۇتبەگكە!
كىرمىسەم قارا يەرگە.

ئاتام نەدە، ئانام نەدە؟
مەن قالدىم بۇ يەرلەردە.
يالغۇزلۇق ئەسىر قىلدى،
بۇ قاراڭغۇ تۈنلەردە.

ئۇخلىمىدىم زادىلا،
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنلەردە.

ئاتا ـ ئانام ئەسكە ئېپ،
يىغلىغاندۇر تۈنلەردە.

بۇلۇت ئەگىسە تاغنى،
جۇدۇن بولىدۇ پات ـ پات.
ئالۋان ـ سېلىقى ئاشتى،
پۇقرا ئىچىدە قات ـ قات.

قاراپ باققىن بۇ يۇرتقا،
چېچەكلىگەن تاش قالدى.
ئالۋاندىكى خەقلەرنىڭ،
ياش بالىلىرى ئاچ قالدى.

ئالۋان بىلەن ھاشاردىن،
ئەلنىڭ بەرى قاقشايدۇ.
دەردۇ – ھال ئېيتقانلارنى،
سۇغا تىرىك تاشلايدۇ.

مېنىڭ ئېتىم مايىمخان،
سىڭلىم ئېتى مىنەمخان.
تۇتارىنى بىلەر بولسام،
قاچار ئىدىم شۇ زامان.

تېكىلخانىنىڭ ئۇستىدە،
ئۇچۇپ يۈرىدۇ قۇشلار.

بەگ بۇزۇلدى، تۈزەلمەس،
ئويلاپ يۈرىلى دوستلار.

مايىمخاننىڭ زىندانغا سولانغان كۈنلەردە ئېيتقان قوشىقى:

يامۇل تېمى ئېگىز تام،
ئەتراپى يالاڭ چىتلاق.
ئەل - يۇرتنى كۆرەي دېسەم،
پۇتۇمدا مېنىڭ تىزلاق.①

زەي زىندانىنىڭ ئەتراپى،
قۇرۇق - قاقشال، دەرەخسىز.
سىزنى مەن كۆرەي دېسەم،
كېلىشىڭىزدىن دېرەكسىز.

گۈندا تېمى سىلىق تام،
سامان لايدا سۇۋاقلىق.
قېرىنداشلار نە هالدا؟
مەن يامۇلدا سولاقلىق.

مۇنداقمۇ بولارمەنمۇ؟
ئۇنداقمۇ بولارمەنمۇ؟

---

① تىزلاق — پۇتنى تىزدىن پۇكۇپ يانپاشقا چاپلاپ ئۇستىدىن سالىدىغان جازا قورالى. بۇ قورال ئىلى زىندانلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلگەن.

بۇ كۈنلەردىن قۇتۇلۇپ،
مەن يارنى كۆرەرمەنمۇ؟

خۇدايىم ھۆسن بەردى،
ئىچ - باغرىنى كەڭ قىلىپ.
ھامۇتبەگ سولاتقۇزدى،
كەڭ جاھاننى تار قىلىپ.

قاپىقىم تارتىدۇ ھەر كۈن،
ياخشىلىقمۇ، يامانمۇ؟
ھېيتباقى دەپ جورام بار،
دادامتۇدا ئامانمۇ؟

مايىمخاننىڭ ئاشىقى ھېيتباقىنىڭ ئېغىر كۈنلەردە ئېيتقان قوشىقى:

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
باغنىڭ چۆرىسى قورغان.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
ئۆز ياردىن ئايرىلغان.

بېغىڭ گۈل باراڭ ئىكەن،
ھويلاڭ چوڭ ساراي ئىكەن.
مەن سېنى كۆرەي دېسەم،
دۈشمەنلەر مارايدىكەن.

ئىشىكىڭگە مەن بارسام،
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ.
تاك ـ تاكچى مېنى كۆرۈپ،
ئارقامدىن غىپىلدايدۇ.

مېنى كۆرگەن تاك ـ تاكچى،
باشقىلارنى كۆرمەيدۇ.
دۈشمەننىڭ سۆزى بىلەن،
چىرايىم ھەرگىز ئۆڭمەيدۇ.

كوچاڭدىن تولا ئۆتتۈم،
سۆگەت شاخىنى تۇتۇپ.
سەن چىقمايسەن ئۆيۈڭدىن،
مەن تالادا قان يۇتۇپ.

ھويلاڭ ئەجەب ياخشىكەن،
كىرىپ كۆرگىلى بولماس.
سەن قەيەردە پايلاقتا،
بىر گەپ قىلغىلى بولماس.

چاقىرىپ قولۇم ئالغىن،
يازغىن خەتنى كۆرگەندە.
ئېگىلىپ قىلاي تەزىم،
سەن بىلەن كۆرۈشكەندە.

ھېيتباقىنىڭ زالىملارنى ئەيىبلەپ ئېيتقان قوشىقى:

ئاتنى سالمىسام بولماس،
دەردنى تارتمىسام بولماس.
پۇلۇم بولمىسا مەيلى،
يارنى كۆرمىسەم بولماس.

دەردى يوق دەمسىز بېگىم،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم.
پۇلى يوق دەمسىز بېگىم،
پۇل تاپقۇچە سالماڭ زۇلۇم.

ئەل بەرگەننى مەن بەردىم،
تەلەپ قىلمىدىم بەگدىن.
مەن ئۆچۈمنى ئالمىسام،
چىقمايدۇ مېنىڭ دەردىم!

ھامۇتبەگ تۆھمەت بىلەن،
مايىمدىن ئادا قىلدى.
كۆرەلمەيمەن يارىمنى،
باغرىمنى يارا قىلدى.

ھېيتباقىنىڭ مايىمخاننى سېغىنىپ ئېيتقان قوشىقى:

قارا ـ قارا قاشلىقىم،
ئۇزۇن ـ ئۇزۇن چاچلىقىم.

سەن يارىمنىڭ كويىدا،
قاردا قالدى ئاشلىقىم.

غۇلجىغا كىرىپ كۆزدە،
ياتىمەن تالا ـ تۈزدە.
تەنھالىقتا كاككۇكمەن،
دەرد ئەسىرى سېرىق يۈزدە.

يارىم زۇلۇم تارتقاندۇر،
خىيالدا ياتامدىكىن؟
مەن سېغىنىپ بارغاندا،
قاتارغا قاتامدىكىن؟

نەچچە نۆۋەت چۈشۈمدە،
مايىم كەپتۇ يېنىمغا.
ھەقلىق سۆزىنى سۆزلەپ،
خۇشلۇق سالدى جېنىمغا.

مايىمنى چېپىۋەتتى،
مەن قالدىم نادامەتتە.
زالىملاردىن ئۆچۈمنى،
ئالارمەن قىيامەتتە!

جاللاتلار مايىمخاننى زىنداندىن ئېلىپ چىقىپ قىدىلىچ بىلەن چېپىش ئالدىدا ئۇنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

زالىم قامچىسى دەيدۇ،
ئوقيىلانغا ئوخشايدۇ.
جاللاتلار كېلىپ بولدى،
ئۆلۈم كەلگەن ئوخشايدۇ.

مەن زىندانغا كىرگەندە،
كىشى يوقتى قېشىمدا.
ئۆلۈم كەلدى بېشىمغا،
يىگىرمە سەككىز يېشىمدا.

ئۆلۈمدىن ھېچ ۋەھىمەم يوق،
قورقۇنچىم ئىمانىمدىن.
مېنى قەستلىگەن ئەبلەخ،
چۆچۈدى زوۇۋانىمدىن.

مەن غۇلجىغا كىرگەندە،
قارا بوران قوزغىدى.
بېشىمغا ئۆلۈم كەلدى،
ئاتا ـ ئانام بولسىدى؟

ئاتا بولغىنىڭ قېنى؟
ئانا بولغىنىڭ قېنى؟①
قىلىچ بىلەن چاپقاندا،
سوراپ ئالغىنىڭ قېنى؟!

① بۇ ئىككى مىسرا ئەينى يىللاردا ئۆزلىرىنى «يۇرت ئاتىسى» دەۋېلىپ، كەمبەغەل، يوقسۇللارغا خەير ـ خاھلىق قىلمايدىغان دادامتۇدىكى ئەمەلدارلارغا قارىتىلغان.

يېتىپ كېلىپ تۆت مانجۇ،
قىلىچىنى ئوينىتىپ.
ھېكىم بەگ ① سوراپ قويسا،
ئۆلتۈرمەيتتى، پالايتتى.

ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ②،
دارېن ئامبال تويامدۇ؟
مايىمخاننى ئۆلتۈرسە،
خۇنى ئۇنى قويامدۇ؟

گۈلباغ سۈپەت قەشقەردەك،
يېڭى سوققان شە بەرمۇ؟
مايىمخاننى ئېپ ماڭدى،
قۇتقۇزارغا ئەر بارمۇ؟

مايىمخاننىڭ سىڭلىسى مىنەمخان بىلەن جازا مەيدا-
نىدا كۆرۈشكەندە ئېيتقان قوشىقى:

ئاچا قارىياغاچ③ يېنىدا،
ئىگىچە - سىڭىل تېپىشتۇق.
قايچا قىرغان تاۋاردەك،
بىز «ئەلۋىدا!» ئېيتىشتۇق.

① ھېكىم بەگ — ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلى ھۆكۈمرانى خالزات ھېكىم بەگنى كۆرسە-
تىدۇ. ئۇ، مانجۇلاردىن مايىمخاننى تىلىۋالغان بولسا، ئۆلتۈرمەيتتى، پالايتتى دېمەكچى.
② ئاتمىش يامبۇ — ھامۇت بەگ دارېنغا ئاتمىش يامبۇ پارا بەرگەنىدى، شۇ ئىش
كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
③ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى يىللاردا جاللاتلار مايىمخاننى قىلىچ بىلەن چاپقان
جازا مەيدانىدا بىر تۈپ قارىياغاچ بار ئىكەن.

قىرىنداشلار خوش ئەمدى،
مەن كەتتىم نادامەتتە.
جان تەندە ئىمان بولسا،
كۆرۈشەرمىز قىيامەتتە.

مايىمخاننى قىلىچ بىلەن چاپقان ۋاقىتتا، ئەل - جامائەتنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

ئۇنى ئالتە نۆۋەت چاپتى،
تۆت ئەتراپنى سۇر باستى.
بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەل - يۇرت،
يۇزلىرىدىن قان قاچتى.

دادامتۇدا مايىمخان،
ئىگىچەمنىڭ قىزى ئىكەن.
ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرى،
خان - بەگكە بىگىز ئىكەن.

ھاۋا رەڭدە بويالغان،
مايىمخاننىڭ كۆڭلىكى.
زالىملارغا باش ئاتتى،
قاپتەك ئىكەن يۇرىكى.

مايىمخاننى كۆردۇم مەن،
بىر ئېگىز قارا تاشتا.
قولىدا بار قىلىچى،
چىرايى ئۇنىڭ باشقا.

دادامتۇ تۆپەسىدە،
ئۇچۇپ يۈرىدۇ قۇشلار.
مايىمخان ئۆلۈپ كەتتى،
يىغلاپ يۈرىدۇ دوستلار.

ئاتىسىدىن ئايرىلدى،
ئانىسىدىن ئايرىلدى.
زۇلۇمغا تاش ئېتىپ سۆزلەپ،
ياش جېنىدىن ئايرىلدى.

ئەل ئىچىدە ئۇنتۇلماس،
مايىمخاننىڭ ئۆلگىنى.
مايىمخان شېھىت بولدى،
ئىزىنى باستى ئون مىڭى.

ئەجەب بىر زامان بولدى،
ئەلنى باستى چاڭ ـ تۇمان.
خەق ئىچىدە خۇشلۇق يوق،
ئىچىگە تولدى دەرد ـ پىغان.

زىندان تېمى ئېگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گۆرىستان.
ئەركىنلىككە بەل باغلاپ،
شېھىت ئۆلگەن مايىمخان.

# نەۋرۇز قوشاقلىرى

نەۋرۇز — پارسچە يېڭى كۈن، يېڭى باھار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ھەر يىلى ئەتىيازدا، كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەندە، 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

نەۋرۇز — تۈركىي تىللىق ۋە پارس تىللىق نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئورتاق باھار بايرىمى. نەۋرۇز ئۇزاق قەدىمىي دەۋرلەردىن تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام، ئەمگەك بايرىمى، دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق بايرىمىدۇر.

تارىختىن بۇيان، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم، شائىرلىرىمىز نەۋرۇز ھەققىدە نۇرغۇن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتقان. خەلق ئارىسىدا يەنە نەۋرۇز ھەققىدە نۇرغۇن شېئىر - قوشاقلار بارلىققا كەلگەن.

«نەۋرۇز قوشاقلىرى» — ياش ئەۋلادلارغا مىللىي ئەنئەنە تەربىيىسى، ئەمگەك تەربىيىسى، دوستلۇق - ئىناقلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

1

تۇرلۇگ چەچەك يازىلدى،
بارچىن يېيىم كېرىلدى،
ئۇجماق يېرى كۆرۈلدى،
تۇملۇغ يانا كەلگۈسىز.

قار ـ مۇز قامۇغ ئېرىشدى،
تاغلار سۇيى ئېقىشدى؛
كۆكشىن بۇلۇت ئۆرۈشدى،
قىيىق بولۇپ ئەگرىشۇر.

— مەھمۇد كاشغەرى

تۇغاردىن ئېسسە كەلدى باھار يەلى،
ئاجۇن بېزەشكە ئاشتى جەننەت يولى.
ياشىق ياندى بولغاي يانا ئورنىغا،
بالىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا.

يازدىق، تاغ، قىر، ئورمان تۈشەندى يېپىپ،
تۈزەندى قولى، قاشى كۆك ـ ئال كىيىپ.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

2

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،
سىزگە بولسۇن قۇتلۇق كۈن.

پەسلى جاھان ھوت كەلدى،
جۇتلار ئۆتۈپ قۇت كەلدى.

نەۋرۇز كەلدى نۇر بولدى،
ھەممە جانلىق ھۆر بولدى.
ھەي خالايىق شادلىنىڭ،
كەسىپ ـ كارغا ئاتلىنىڭ.

ھەمەلدە بىلىپ ھەپتىنى،
تۇتۇپ نەۋرۇز پەيتىنى.
ئەمىلىڭ بولسۇن ساۋاب،
ئەجدادنى قىلغىل تاۋاپ.

دېھقان دەرھال كەتمەن ئال،
يەرگە ساپان، ئۇرەن سال.
چەش دۆۋىلەنسۇن خامانغا،
بۇغداي تولسۇن باداڭغا.

باغۋەن بولساڭ باغ ـ راغ قىل،
باغدىن رىزقىڭنى تاغ قىل.
مالچى كۆپلەپ تۆل بولسۇن،
سۇت ـ قايمىقىڭ مول بولسۇن.

باپكار بولساڭ يىپ ئۇلغا،
بۆز ـ چەكمەننى خوپ تولغا.

تۆمۈرچى تاۋلا كەتمەننى،
تاپ ھۈنەرگە زوقمەننى.

ماشىنىچى راستچىل بول،
ھۈنىرىڭدە ئەپچىل بول.
موزدۇز تارتقان بىخىنى،
خۇدا بەرسۇن سېخىينى.

ئاشپەز بولساڭ تەملىك قول،
غەللىدە بولۇر كۆپ پۇل.
زەرگەر كۆرسەت ھۈنەرنى،
قېتىش قىلما مىس ـ زەرنى.

تىجارەتچى سەپەر قىل،
ھارام مالدىن ھەزەر قىل.
تامچى ـ خارەت بىنا قىل،
ئەلگە ئۆبدان پاناھ قىل.

موللا بولساڭ ئوقۇپ يە،
نېسىۋەڭنى ئۇقۇپ يە.
قازى ـ مۇپتى ھەق سۆزلە،
شەرىئەتتىن نەق سۆزلە.

ھاكىم بولغىل دادىخاھ،
ئەلگە دائىم خەيرخاھ.

ئۆم بولايلى خالايىق،
قىلمايلى ئىش نالايىق.

يۇرت ـ يۇرتلار بولغاي ئاۋات،
مەئىشەت توق، كۆڭۈل شاد.
ئەل ـ كۈن هامان ئامان بول،
ئامان بولغىن، ئامان بول.

3

نەۋرۇز مەزگىلىدە ئۇستىكارلار شاگىرتلىرىغا، موللا ـ ئۆلىمالار تالىپلىرىغا نەۋرۇزنامە يازغاندا ۋە هۈ ـ نەر ـ كەسىپ ئۆگەتكەندە ئېيتقان قوشىقى:

كەلدى نەۋرۇز ئەيش بۇنياد ئەتكىلى،
بارچە ئادەم كۆڭلىنى ياد ئەتكىلى.

قىز ـ ئوغۇل موللاسىدىن ئېلىپ دۇئا،
مۇشكۇلاتتىن ئۆزىنى كۇشاد ئەتكىلى.

ئوقۇ، ئىلمى تالىپ بول هەق يولىدا،
جاهالەتتىن ئەلنى ئازاد ئەتكىلى.

ئەل ئىچىدە بولسۇن ئېرپان ـ مەرىپەت،
ئۆم بولايلى يۇرتنى نىجات ئەتكىلى...

## 4

كەلدى نەۋرۇز يىل بېشى،
كۈن بىلەن تۈن تەڭ بۇگۈن.
ھەربىر يۇرتتا تەنتەنە،
دوست ـ يارەنلەر جەم بۇگۈن.

كەلدى نەۋرۇز يىل بېشى،
قويماي قىشنى مەيلىگە.
قىز ـ يىگىتلەر جورىسى بولۇپ،
چىقتى ئاخشام سەيلىگە.

كەلدى نەۋرۇز يىل بېشى،
تۇمۇچۇق كۈي باشلىدى.
دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھ،
يېشىللىقتا ياشنىدى.

كەلدى نەۋرۇز، يىل بېشى،
يېڭى ئەييام، ئەسسالام.
ساخاۋەتلىك ئانا يەر،
ئەھلى ئالەم ئەسسالام.

كەلدى نەۋرۇز يىل بېشى،
كەتتى كۆكۈل ھەسرىتى.
نەۋرۇز بىلەن كېلىدۇ،
ئەھلى يۇرتنىڭ ئامىتى.

نەۋرۇز كەلدى جاھانغا،
بىرىپ ئىپىتقىن ئاتاڭغا.
ئاتاڭ بەرسۇن بىر تەڭگە،
ئاپىرىپ بەرگىن موللاڭغا.

كەلدى نەۋرۇز كەلدىلەر،
ئەيشى ئارام ئەتتىلەر.
بارچە ئادەم كۆڭلىنى،
شادۇ ـ خۇرام ئەتتىلەر.

شاراپەت كۆپ نەۋرۇزدا،
جاھان بولۇر ئەرزانلىق.
تويۇنغۇدەك سۇ ئىچىپ،
مايسىلار بولۇر دانلىق.

يىل بېشى نەۋرۇز كۈنى،
ئالەم گۈلىستان بولغۇسى.
ئاسماندىن يەر يۈزىگە،
ئابۇ رەھمەت ياغقۇسى.

# مۆچەل قوشاقلىرى

مۆچەل — ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۆز كالېندارى، ئۆز ۋاقىت - يىللىرىنى 12 دىن ئىبارەت دەۋر تەرىزىدە تۈزگەن ۋە ئۇلارنى ھايۋانلار - نىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىغان ۋاقىت تەرتىپىدۇر. رىۋايەت - لەردە دېيىلىشىچە، يىللارنىڭ مۇنداق مۆچەللەرگە ئايرى - لىپ ئاتىلىشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ھا - زىرغىچە 4000 يىلدىن ئاشىدىكەن.①

«مۆچەل قوشاقلىرى» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كا - لېندار مەدەنىيىتى جەھەتتىكى ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ خەلق ئارىسىدا مەڭگۈ يادىكارلىق سۈپىتىدە ساقلىنىدۇ. «مۆچەل قوشاقلىرى» ئۆزىنىڭ قە - دىمىيلىكى، تارىخىيلىقى بىلەن تارىخىي قوشاقلارنى تەت - قىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان رولغا ئىگە.

① «مىڭباي ئىسقاقباربىپ «قەدىمكى قازاق كالېندارى» ناملىق ئەسىرىدە: «12 مۆ - چەل 3 ~ 5 مىڭ يىل بۇرۇن پەيدا بولغان» دېسە، تارىخشۇناس ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان: «4 مىڭ يىل بۇرۇن قوللىنىلغان.» دەپ يازغان. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 3 - سانى.

1

يىل بېشى چاشقان ئىكەن،
ئۆيلىرى مۆرەپ كېلىدۇ.
يولۋىسى يولدا يېتىپ،
توشقىنى سەكرەپ كېلىدۇ.

دەريادا بېلىق ئۈزۈپ،
يىلاننى قوغلاپ كېلىدۇ.
ئالدىدا ئات ماڭسا،
قوي كەينىدە مەرەپ كېلىدۇ.

مايمۇنى ئويناپ ماڭار،
توخۇسى چىللاپ كېلىدۇ.
ئىتلىرى ھاۋشىپ يۈرەر،
توڭگۇزى خورداپ كېلىدۇ.

2

مۈچەل باشلاپ چاشقان كېلۇر،
كالا، يولۋاس، توشقان كېلۇر.

بېلىق ئويناپ سۈزۈك سۇدا،
ئەجدىھادەك يىلان كېلۇر.

ئات ئالدىدا، قوي كەينىدە،
ئۆنى دوراپ مايمۇن كېلۇر.
توخۇ چىللاپ، ئىتلار قاۋاپ،
توڭگۇز دېگەن يامان كېلۇر.

3

مۇچەل قوشاقلىرىنىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانتى:

ساچقىنى سويلاپ،
ئۇيلىرى مۆرەپ كېلىدۇ.
يولدا يولۋاس، توشقىنىنى،
تويلاپ كېلىدۇ.

دەريادا بېلىق،
يىلاننى قوغلاپ كېلىدۇ.
ئات ئالدىدا، قوي كەينىدە،
مۆرەپ كېلىدۇ.

مايمۇنى مويلاپ،
توخۇسى چىللاپ كېلىدۇ.
ئىتلىرى قاۋاپ،
توڭگۇزى تويلاپ كېلىدۇ.

## كۆك ( مايسا) مەشرىپى قوشاقلىرى

مەشرەپ — قويۇق مىللىيلىككە، كەڭ ئاممىۋىلىق-قا، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشتەك خۇسۇسىيەت-لىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان پائالىيەتلەر-نىڭ بىرى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

«كۆك (مايسا) مەشرىپى قوشاقلىرى» — تۇرپان، پىچان، قۇمۇللاردا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى. ئۇ قىش پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەنلا ھەربىر ئائىلىدە ئۆستۈرۈلىدىغان بۇغداي مايسىلىرىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن كۆكلۈل ئېچىش سۇپىتىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتلىق باشلىنىدىغان پەسىل - مەۋ-سۇملار بىلەن تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قىشلىقى ئۇندۇردىلەر ئۆيدە بىر دانە بۇغداينى،
سۇغىرىپ مايسا قىلدىلەر شۇ دانە بۇغداينى.

كىم بولسۇن شۇ مايسىدەك بەلەن بوي تارتىپ،
كېچە - كۈندۈز ياد ئېتىپ ئۆتسۇن خۇدانى،

چىللە زىمىستاندا ئۇنەر سەۋزە بىمارنىڭ ئەگىلى،
ياخشىلارنىڭ مەھەللىسىدە زەدەك ئۇنەر قىشلىقى.

قىشلىقى ئۇنگەن چىچەكنىڭ تەرىپى نازۇك بولۇر،
سۇغىرىپ گۈل ئۈزگىلى ئالغان كىشى ئاشىق بولۇر.

تام چىچەك تامدىن ئىگىز، بارمۇ بۇ ئۆيدە چىچەك؟
كۆرگىلى كۆكلۈك تامدىن، بىر ئىگىز مايسا چىچەك؟

بۇ چىچەكنىڭ تەرىپىنى موم بىلەن نام ئەيلىدۇق،
قىش ـ زىمىستاندا ئۆزلەگە، تۆھپە ـ سوۋغا يوللىدۇق.

## چىن مودەن قوشاقلىرى

چىن مودەن ھەققىدىكى قوشاقلار — ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا قوشاقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ داستان سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا تارقالغان.

چىن مودەن ۋەقەسى 17 ـ ئەسىردە، تۆتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى يۇسۇپ ۋاڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن. چىن مودەننىڭ ئەسلىي ئىسمى شەرۋانۇم بولۇپ، يۇسۇپ ۋاڭنىڭ ئاختا ئېتىنى باقىدىغان باغداشلىق تاشپولات مىراقۇل ئائىلىسىدە تۇغۇلغانىكەن. ئۇ ئەقىللىق، گۈزەل قىز بولغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشىدىكەن. ئۇ ـ نىڭ ئاتا ـ ئانىسى شەرۋانۇمنى ئۆز يېزىسىدىكى مەردان دېگەن بىر قابىل يىگىت بىلەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشنى ئويلاشقانىكەن. دەل شۇ پەيتتە، ۋاڭنىڭ ئادەملىرى شەرۋانۇمنىڭ ئىلەگكۈچ ئۇچۇپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، قۇمۇل ۋاڭغا ماختاپ بېرىپتۇ. يۇسۇپ ۋاڭ: «شەرۋانۇمنى ئوردىغا ئەكىلىڭلار!» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپ، 20 نەچچە ئادەمنى باغداشقا ئەۋەتىپتۇ.

بەگ ـ سىپاھلار شەرۋانۇمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئۇنى ۋاقتىنچە ئوردا خىزمەتچىلىكىگە ئەكېتىشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ يالغان سۆزلەپتۇ. ئىشنىڭ تېگىنى ئۇققان شەرۋانۇم ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ مەردان بىلەن بىللە قېچىپ كېتىپتۇ. يۇسۇپ ۋاڭنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى قوغلاپ چىقىپ تۇتۇۋېلىپ، شەرۋانۇمنى زورلۇق بىلەن ئوردىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ۋاڭ شەرۋانۇمنى ئوردىغا ئەكەلدۇرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىسمىنى چىن مودەنگە ئۆزگەرتىپ، خوتۇنلۇققا ئېلىپ مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇپتۇ. بىراق، ئوردىدىكى تەربىيىچى ئىنىكئانا لەيلىخان چىن مودەنگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنى مەردان بىلەن بىللە قاچۇرۇۋېتىشكە پىلان تۈزۈپتۇ. چىن مودەن لەيلىخاننىڭ ياردىمىدە ئەرەنچە ياسىنىپ، يېرىم كېچىدە ئارقا ئىشىكتىن مەردان بىلەن بىللە قېچىپ كېتىپتۇ. يۇسۇپ ۋاڭ 30 نەچچە چېرىكنى قوغلاشقا ئەۋەتىپتۇ. مەردان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۈچ چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقام ئاپتۇ. بىراق، يۇسۇپ ۋاڭنىڭ چېرىكلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، چىن مودەن ۋە مەردان تۇتۇلۇپ قېلىپ، بىللە قەتلى قىلىنىپتۇ. چىن مودەننىڭ نامى شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن قومۇل دىيارىغا تارقىلىپ، تىللاردا داستان بولۇپتۇ.

«چىن مودەن قوشاقلىرى»دىن بىز 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قومۇل ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ زىيان ـ زەخمەتلىرىنى، ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرىنىڭ

ئەركىن مۇھەببەتكە ئېرىشىش يولىدىكى باتۇر، مەردانە روھىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ قوشاق زور تارىخىي، ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە.

ۋاڭنىڭ چېرىكلىرى مەردانىنى باغلاپ، شەرۋانۇمنى ئېلىپ ماڭغاندا، شەرۋانۇمنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

باغداش تېغىنىڭ باغرىدا،
ئاقتى يامغۇر تامچىسى.
ئىككىمىزنى ئايرىغان،
يۇسۇپ ۋاڭنىڭ قامچىسى.

مەردانىنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
باغداشنىڭ نورى دەڭلار.
شەرۋانۇم ئۇچۇن ئۆلسەم،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەڭلار.

چېرىكلەر شەرۋانۇمنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

مەن ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى،
تاغدا قويۇڭلار.

تاغ يولى يىراق كەلسە،
باغدا قويۇڭلار.

يۈزۈمنى قىبلە تامان،
ئاچىپ قويۇڭلار.
بېشىمغا بىر دەستە گۈل،
سانجىپ قويۇڭلار.

مەن ئۆلسەم ئېتىم ئۆچەر،
بېشىمدىن شامال ئۆتەر.
مېنى دېگەن دوست ـ يارەن،
يېنىمدىن يىغلاپ ئۆتەر.

مەردانىنىڭ ۋاڭ ئوردىسىدىن شەرۋانوم (چىن مودەن)نى ئېلىپ قاچماقچى بولغاندا ئېيتقان قوشىقى:

ياز بولسا ئېچىلارمۇ؟
ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى.
كۆڭلىگە ئىنساپ سالۇرمۇ؟
لەيلىنىڭ ئۆزى مەيلى.

ئاللىيەي شەرۋانوم،
هازىر بولۇڭلار.

تۆيۈپ قالسا دۈشمەنلەر،
ھوشيار بولۇڭلار.

مەردانىنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن كەلگەنلىـ
كىنى بىلگەن چىن مودەنىنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

ئىچىم توشتى دەردلەرگە،
قان يىغلايمەن سەھەردە.
ئۈچقىلى قانات بەرسە،
تۇرمايمەن بۇ شەھەردە.

مەردانىنىڭ قوشىقى:

شەرۋانۇمنى كۆرەرمەنمۇ؟
ئاغزىغا سۆيەرمەنمۇ؟
يېنىدا كىشى بولسا،
ئوت بولۇپ يانارمەنمۇ؟

ئاتلارنى توقۇپ كەلدۇق،
قوش ئۇلاغنى بىز تارتماي.
بۇ دەردلەرنى كىم تارتسۇن،
سىزنىڭ بىلەن مەن تارتماي؟

ئوردىدىن قېچىش ئالدىدا چىن مودەننىڭ ئېيتقان قوشىقى:

باغداشتا تولا توشقان،
بۈركۈتلەر ئېلىپ ئۇچقان.
ئىچىم دەردكە تولغاندا،
دەردكە پايلىماي قاچقان.

## ھەمرا بىلەن ئانارخان قوشاقلىرى

«ھەمرا بىلەن ئانارخان قوشاقلىرى» — ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تارىخىي قوشاقلارنىڭ بىرى. بۇ قوشاقلار مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھېسسىيات ۋە تىلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. «ھەمرا بىلەن ئانارخان» ۋەقەسى 1891 ـ يىللىرى غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن. ئانارخان بىر كەمبەغەل بوۋىچىنىڭ قىزى بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا، ئەدەپلىك، چىرايلىق، ئەقىللىق قىز بولۇپ چوڭ بولغان. ئۇ ئۆزى بىلەن بىر مەھەللىدە ئۆسكەن ھەمرا دېگەن بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. شۇ يىللاردا ئانارخانغا كۆز سېلىپ يۈرگەن سۇلتانباي يامان غەرەز بىلەن ئانارخاننىڭ دادىسى سايىت ئاخۇننى قەستەن قەرزگە بوغۇپ قويۇپ قىينايدۇ. سايىت ئاخۇن قەرزنى بېرەلمىگەندىن كېيىن ئۇنى تۈرمىگە سولىتىۋېتىدۇ. كېيىن، قىزى ئانارخاننى سۇلتانبايغا توقاللىققا بېرىش شەرتى بىلەن، ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان جامائەت سۇلتانبايغا نارازى بولۇپ، ھەمرا ۋە ئانارخانلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. توي كۈنى كېچىسى ھەمرا دوس-

تى مۇخپۇل قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پىلان تۈزۈپ، ھەرىكەت قىلىپ، ئانارخاننى قۇتقۇزۇپ تاغقا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. سۇلتانباي بۇ ئەھۋالنى لوزۇڭ ئارقىلىق ئىلى جياڭجۈنىگە مەلۇم قىلىپ، چېرىكلەرنى چىقىرىپ ئىزدەپ، ئاخىرى ھەمرا بىلەن ئانارخاننى تۇتۇپ كېلىپ سوراق قىلىدۇ. ئەمەلدارلار ھەمرا بىلەن ئانارخاننىڭ پاك مۇھەببىتىنى قارىلاپ، ئۇلارغا نۇرغۇن گۇناھ ئارتىپ، ئاخىرى ئۇلارغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىدۇ. ئىلى جياڭجۈنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھېيت كۈنى بەيتۇللا مەدرىسى ئالدىدا، ئۇلارنىڭ بوينىغا قوۋۇق سېلىپ، قەپەسكە سولاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

«ھەمرا بىلەن ئانارخان» قوشاقلىرى — ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي گۇۋاھچىسى. بۇ قوشاقلار فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، ئەركىن مۇھەببەت يولىدا كۈرەش قىلغان بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ قىسمەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن بۇ قوشاقلار بۈگۈنكى ياش ئەۋلادلارنىڭ تارىخنى ئۇنتۇماي، ئەركىن مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە يېتىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئانارخاننىڭ ئېغىر كۈنلەردە ئېيتقان قوشىقى:

ۋاخ يەتسە ئېچىلمامدۇ،
باغقا تېرىغان گۈللەر؟

قاچانمۇ ئەستىن چىقار،
بىز كۆرگەن ئىغىر كۈنلەر؟

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
خويمۇ كۆيىدۇ چىراغ،
ناخشا ئېيتسام ئۈن يەتمەس،
يارنىڭ ئۆيلىرى يىراق.

ھەسرەت بىلەن كېلۇرمەن،
داد ئېيتىپ يار ئالدىغا.
كۆڭلۇمدىكى سىرىمنى،
بايان قىلاي يارىمغا.

ئۈچۈپ كەتكەن بۇلبۇللار،
ھەمراغا سالام دەڭلار!
ئانارخان، سىنى ھەمرا،
كۈتىدۇ، بىرىڭ، دەڭلار!

*　　　*　　　*

ھەمرانىڭ ئانارخاننىڭ ئىشقىدا ئېيتقان قوشىقى:

بەختىم زەپ قارا ئىكەن،
بىر كۈن خۇش بولالمايمەن.

قۇرۇق تۆھمەت، يامان گەپتىن،
قۇتۇلۇپ كېتەلمەيمەن.

بەختىمىز قارا ئىكەن،
بىر كۈن خۇش بولالمايمىز.
كۆڭلىمىز زېدە بولدى،
غەمدىن قۇتۇلالمايمىز.

ئانارخان سېنىڭ بويۇڭ،
ياقىدۇ ماڭا خۇيۇڭ.
سېنىڭدىن جۇدا بولسام،
ئۆلۈمدۇر مېنىڭ ئويۇم.

كۆڭلۈمدە تىلەكىم شۇ،
يار، ساڭا يېتەرمەنمۇ؟
سەن كېتىپ بۆلەك يۇرتقا،
ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟

مەن بۇگۈن نېمە بولدۇم؟
تۇگىمەيدۇ خىيالىم.
نېمە ئويلىرىڭ باردۇر؟
قارا كۆز يار ـ نىگارىم.

چىرايىم زەپىران بولدى،
كىشى بىلمەيدۇ ھالىمنى.

زاماندا ھەقىقەت يوق،
كۆرۈشتۈرمەيدۇ يارىمنى.

بۇ قارا كۈن باشلاندى،
ئۆمرۈم زايە كېتەرمۇ؟
ئانارگۈلنىڭ غۇنچىسى،
ئەمدى توزۇپ كېتەرمۇ؟

ئاسماندىكى ئاي ـ چولپان،
ئانار ـ لەيلىگە ئوخشايدۇ.
ئەمدى يالغۇز قالدىمغۇ،
قەلبىم قاڭغىر قاقشايدۇ.

قارا كۆز ئانار گۈلۈم،
جامالىڭغا تويمايمەن.
ئىچىمدە تولا دەردىم،
كىمگە ئېيتىپ يىغلايمەن؟

ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ئارغامچا،
يولدا ياتسا مەيلىمۇ؟
ئېيتىڭلار، شۇ ئانارگۈل،
گۆردە ياتسا مەيلىمۇ؟

سەپەر قىلساق ئانارخان،
بىللە سەپەر قىلايلى.

غۇنچىمىز غازاڭ بولماس،
ئۆلسەك بىللە ئۆلەيلى.

*          *          *

ئانارخانغا هۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يۇرت ئەھلىنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

گۈل ـ چېچەكتەك دوستلارنىڭ،
كۆزىدە ياش تۇرۇپ قالدى.
يەتمىدى ۋىسالغا ئەل،
بىر ناھەق هۆكۈم بولدى.

مۇھەببەت غارىغا كىرگەن،
ئانارخان ئېتىڭ قالدى.
دوستلىرىڭ، ئاتا ـ ئاناڭ،
پىغان ئوتىدا ياندى.

ئاڭلاڭلار ئەزىز دوستلار،
بۇ ھەسرەت ـ ئەلەملەرنى.
قۇتقۇزۇپ قالالمىدۇق،
ھەمرانى، ئانارخاننى.

بىز ئۆلەرمىز، ئۆلەرمىز،
تار قەپەسكە سولىنىپ.

بىللە ئۆسكەن دوستى ـ يار،
ئۈچ ئېلىڭلار قوزغىلىپ.

*          *          *

ھەمرانىڭ دوستلىرى ئالدىدا ئېيتقان قوشىقى:

يىگىرمە ئىككى ياشىمدا،
ئاقاردى مېنىڭ باشىم.
ئۈزۈمنىڭ ئېتى ھەمرا،
مۇخپۇل ئىدى قولداشىم.

مۇخپۇلنىڭ يار ـ دوستلىرى ئالدىدا ئېيتقان قوشىـ
قى:

يارىم بىلەن مىڭ ئۆلسەم،
ھەر ئۆلۈمىم مىڭ تويدەك.
قوزىسىدىن ئايرىلغان،
ئانام قالدى يېتىم قويدەك.

خوش، لەيلىخان، جان ئۇكام،
خوش، ئەزىز ئاتا ـ ئانام.
خوش، يارۇ بۇرادەرلەر،
خوش، بىزگە تونۇش يەرلەر...

ئانارخاننىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتقان قوشىقى:

لەيلىخان سىڭلىم،
مۆكىدىشىم ئىدىڭ.
ئالغىن زالىمدىن،
جىق ئۆچۈم مېنىڭ.

ئاڭلاڭلار دوستلار،
روھىمىز قالدى.
بايلاردا سانىمىز،
ئۆچىمىز قالدى.

تۆنلەرمۇ ئۆتۈپ،
كېلەر كۈنىمىز.
شۇ چاغدا بىزنىڭ،
ياڭرار ئۈنىمىز.

## گۇلەمخان ھەققىدە قوشاقلار

«گۇلەمخان ھەققىدە قوشاقلار» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدىكى نادىر قوشاقلارنىڭ بىرى. بۇ قوشاق ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىكى، تارىخىي قىممىتى بىلەن خەلق قەلبىدە ھازىرغىچە ياشاپ كەلمەكتە.

گۇلەمخان ۋەقەسى 1820 ـ يىلىدىن 1825 ـ يىلىغىچە ئىلى دەرياسى بويىدىكى «ئويمانبۇلاق» دېگەن جايدا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەدۇر. ئويمانبۇلاقتا بىر كەمبەغەل دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ گۇلەمخان ۋە زىلەمخان دېگەن ئىككى قىزى بار ئىكەن. چوڭ قىزى گۇلەمخان تېخى 15 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ، ئۇنى ئەنگەن چولاق دېگەن بىر قېرى شاڭيو مەجبۇرىي ھالدا توقالللىققا ئالماقچى بولىدىكەن. لېكىن، چىرايلىق، ئەقىللىق، جاسارەتلىك گۇلەمخان شاڭيونىڭ پوپوزا قىلىشى ۋە قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلىرىگە پىسەنت قىلماي، قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن ھەمدە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان، ۋىجدانلىق يىگىتى بىلەن قېچىپ كېتىدىكەن. بىراق، زالىم شاڭيو ئۆزىنىڭ چاكارلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ قاچقان

يولىغا مۆكۈنۈپ، ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ يۈرۈپ، ئۇلار-نى تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق ئۇرۇپ ئازابلايدىكەن. يىگىت قاتتىق تاياقتىن زەخمە يەپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن، گۈلەمخان ئادالەتسىز زامانغا نارازى بولۇپ، ئەركىن مۇھەببىتى يولىدا ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق مۇرادىغا يېتەلمەي، ئالەمدىن ئۆتىدىكەن.

«گۈلەمخان ھەققىدە قوشاقلار» — يالغۇز تارىخىي قوشاقلار بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توي - مەرىكە سورۇنلىرىدا ئېيتىلىدىغان مۇڭلۇق قوشاقلار سۈپىتىدىمۇ، خەلق ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ قوشاقلاردا گۈلەمخاننىڭ باشتىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرى ۋە مەزلۇم خەلقنىڭ گۈلەمخان ۋە ئۇنىڭ سۆيگەن يىگىتىگە ئىچ ئاغرىتىپ، زالىم بەگ، شائيولارغا نەپرەت بىلدۈرۈش، ئادالەتسىز زاماندىن قىساس ئېلىش ۋە يېڭى، بەختىيار كۈنلەرگە تەلپۈنۈش روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«گۈلەمخان ھەققىدە قوشاقلار» — تارىختىن بۇيان يەنە نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈملىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۈرەشلىرىنى يەكۈنلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا كاتتا قىممەتكە ئىگە.

گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى،
يەرگە تېگەمدۇ؟
ئون بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ،
ئەرگە تېگەمدۇ؟

گۈلەمخېنىم چىقىپ بېقىڭ،
بوۋاڭ كېلەدۇر.
ئۆز خىلىنى تاپماي كىممۇ،
ئەرگە تېگەدۇر؟
كىمنىڭ كىمنى يار تۇتۇشىنى،
ھەركىم بىلەمدۇ؟
ئۆزى سۆيمەي، مەيلى بولماي،
ئەرگە تېگەمدۇ؟

گۈلەمخاننىڭ تۇرغان يېرى،
ئويمانبۇلاقتۇر.
گۈلەمخاننى زورلاپ ئالغان،
شاڭيو چولاقتۇر.

گۈلەمخاندىن باشقا قىزنى،
قېرى ئالامدۇ؟
گۈلەمخېنىم چولاقلارغا،
زايە بولامدۇ؟

قويلىرىمنى ھەيدىۋەتتىم،
ئويمانبۇلاققا.
گۈلەمخاننى تۇتۇپ بەردى،
شاڭيو چولاققا.

گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى،
يەرگە سۆرۈلدى.
يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار،
قانغا ئۆرۈلدى.

چىقىپ باقسام گۈلەمخېنىم،
تويۇڭ كېلەدۇ.
ساڭامىكىن، ماڭامىكىن،
تەقدىر بىلەدۇ.

ئالتە ـ يەتتە كەپتەرلىرىڭ،
قوندى تېرەككە.
تاۋار توندا ئالتۇن تۈگمە
پاتتى يۈرەككە.

تورۇق ئاتنىڭ يۈگەننى،
نەخور[1] ئۆرۈگەن؟
گۈلەمخاننىڭ توي كۈنىدە،
باشىم چۆرۈگەن.

① نەخور ــ كىم ياسىغان مەنىسىدە.

گۈلەمخاننىڭ كىيگەن ئەگىنى،
تاش پېشى سولجۇر.
قېرى بىلەن ياتماڭ ھەرگىز،
ساقىلى سانجۇر.

گۈلەمخېنىم ئوبدان بالا،
چېچى ئاز ئىكەن.
گۈلەمخاننى ئالغان شاڭيو،
تۆتەك تاز ئىكەن.

كىچىك قىزنى زورلاپ ئالسا،
ئۇۋال بولمامدۇ؟
گۈلەمخېنىم شاڭيولارغا،
زايە بولمامدۇ؟

يار تۆۋىدە ئۆيلەر بولسا،
ئوينىسا، كۈلسە.
قەدىر بىلگەن يار يېنىدا،
ئولتۇرسا، ئۆلسە.

ئەتە بىلەن كۈن قىزىرىپ،
بۇلۇت تالىشۇر.
ياخشى بىلەن بولسا بىللە،
ئەجەب يارىشۇر.

قارا كۆڭۈل زالىم شاڭيو،
ئالدىرىما تېخى.
بوينۇڭدا بار گۈلەمخانىنىڭ،
قىزىل تىرنىقى.

راھەت كۆرۈش زالىملارنىڭ،
ھەققى دېمەڭلار.
ئەلەم تارتىش كەمبەغەلگە،
باقىي دېمەڭلار.

ئامان بولساق يوقىتارمىز،
شاڭيو قېرىنى.
سۆيىدىغان زامان كېلۇر،
ھەركىم يارىنى.

## گۇلدەسخان ھەققىدە قوشاق

«گۇلدەسخان ھەققىدە قوشاق» — قۇمۇل دىيارىدا ناخشا سۇپىتىدە كەڭ تارقالغان تارىخىي قوشاقلارنىڭ بىرى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ قارادۆۋىدە ماياقبەگ ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ گۇلدەسخان ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز شۇ يۇرتتىكى بەكرى دېگەن بىر كىشىنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىراق، ماياقبەگ قىزىنىڭ بەكرى بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلماي، بۇ ئىشتىن ئۇنى توسۇپ تۇرىدىكەن. ئىلاجسىز قالغان گۇلدەسخان سۆيگەن يىگىتى بەكرى بىلەن بىللە باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتمەكچى بولغاندا، ماياقبەگ سېزىپ قېلىپ، ئۇلارنى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، مەجبۇرىي قايتۇرۇپ ئەكەلگەنىكەن.

بۇ قوشاق ئەينى ۋاقىتتىكى ئەر - ئاياللارنىڭ ئەركىن نىكاھقا ئىنتىلىش روھىنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

ئەگمل[1] ئاخشام ئاي چىقتى،
تاڭ سەھەردە چولپان قىز.
سىنى ساقلاپ كۈن چىقتى،
ئاچ قوينۇڭنى چوكان قىز.

مەن بۇ يەردىن كېتەرمەن،
مەنزىلىمگە يېتەرمەن.
مەنزىلىمگە يەتكۈچە،
يارنى ئېلىپ كېتەرمەن.

قارادۆۋىچى گۈلدەستخان،
بەكرى باي ئېلىپ قاچقان.
بەگ دادام تۆيۈپ قېلىپ،
ئارقىسىدىن قوغلاشقان.

① ئۆتكەن ئاخشام مەنىسىدە.

# ئايمخان ھەققىدە قوشاق

ئايىمخان — 19 - ئەسىردە قۇمۇل دىيارىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ناھايىتى چىرايلىق، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ئەقىل - پاراسەتلىك قىز. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ياخشى ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، يىراق - يېقىندىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بىر يىلى قۇمۇل ۋاڭى ئۇنىڭ نام - شەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆزىگە توقال قىلىشنى ئويلايدۇ. ئۇ ئوردىدىكى ۋاڭ - ئاقساقاللارغا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئايىمخاننىڭ ئاتا - ئانىسىنى مال - دۇنيا بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، قىزنى ئۆزىگە رام قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. بىراق، ئايىمخاننىڭ ئاتا - ئانىسى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يامان غەرىزىنى بىلىپ قېلىپ، بۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئايىمخانمۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ۋاڭغا كىچىك خوتۇن بولۇشنى رەت قىلىدۇ. قۇمۇل ۋاڭى ئايىمخاننى باش ئەگدۈرەلمىگەندىن كېيىن، دەرغەزەپكە كېلىپ، ئۇنى ئۆيىدىن تۇتۇپ ئەكەلدۈرۈپ، نوم دېگەن جايغا سۈرگۈن قىلىپ، زىنداندا قىينايدۇ. ئايىمخان زىنداندىكى گۇندىپايلار بىلەن قاتتىق

ئېلىشىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېـ لىشقا كۆزى يەتمىگەن قۇمۇل ۋاڭى ئايىمخاننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. ئۇنىڭ نامى قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ ئەسلىنىپ كەلمەكتە.

«ئايىمخان ھەققىدە قوشاق» قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە.

زىندان تېمى ئېگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گۆرىستان.
گۈزەل رەڭگى سەۋەبلىك،
ئۆلۈپ كەتكەن ئايىمخان.

ئايىمخان ئۆزى ئوبدان،
كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ، چەندان.
ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى،
قان ئىچەر قارا زامان.

ئايىمخاننى ئەپ چىقتى،
پۈت ـ قولىنى چىڭ توراپ.
بېشىنى ئالار چاغدا،
«قىبلە قايان؟» دەپ سوراپ.

كونا شەھەردە ئاق تېرەك،
يېڭى شەھەردە كۆك تېرەك.

ئەل ـ جامائەت ئىشىغا،
ئايىمخاندەك ياش كېرەك!

قىزىلگۈلنىڭ شېخىدا،
بۇلبۇل تولا سايرىدى.
ئايىمخاننىڭ قانخورلار،
قانىتىنى قايرىدى.

تولۇن ئايدەك ئايىمخان،
پەرىزاتتەك يارالغان.
ئۆزى شېھىت كەتسىمۇ،
نامى ئەلگە تارالغان.

## سارىخان بانۇ ھەققىدە قوشاقلار

سارىخان — بىر تارىخىي شەخس. غۇلجا تەرەپلەردە سارىخان بانۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ 1835 - يىلى خوتەندە تۇغۇلغان.

سارىخان — كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ ناھايىتى چىرايلىق، ئەدەپ - ئەخلاقلىق قىز بولۇپ ئۆسكەن. ئۇ كەمبەغەللەر ئارىسىدا چوڭ بولغاچقا، دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا ھېسداشلىق قىلىدىكەن، بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكنى، بايلارنىڭ ئاچ كۆز، مۇتتەھەملىكىنى كۆرۈپ نەپرەتلىنىدىكەن. باي بالىلىرى ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم توي تەلىپى قويغان بولسىمۇ، ئۇ يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنىڭ زالىملىقى، باي بالىلىرىنىڭ ھۇرۇن، تەييار تاپلىقىدىن بىزار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى كەسكىن رەت قىلىپ، ئۆز يۇرتىدىكى كەمبەغەل بولسىمۇ، ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق بىر ئىشچان دېھقان يىگىتكە كۆڭۈل بەرگەنىكەن. بىراق، زامانىنىڭ تارلىقى، ئادالەتسىزلىكى، بايلار ئۇچۇن كەتمەن چاپىدىغان نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارنىڭ چېقىشتۇرۇشى تۈپەيلىدىن، ئۇ بەتنام - تۆھمەتكە ئۇچراپ، ئادالەتسىز ھۆكۈم بىلەن ئۆ-

لۇمگە بۇيرۇلغان ھەمدە 1865 ـ يىلى يەكەنگە ئەكېلىنىپ قەتلى قىلىنىغان. گەرچە سارىخان بانۇ ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلسىمۇ، بايلارنىڭ مال ـ دۇنياسى ۋە راھەت ـ پاراغىتىگە كۆز قىرىنى سالماي، ئار ـ نومۇسىنى ساقلاپ، ئەركىن مۇھەببەت يولىدا مەردانىلەرچە ئېلىشىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ كەتكەن ھەمدە كېيىنچە كىشىلەر تەرىپىدىن يەنە بىر مۇنچە قوشاقلار قوشۇلۇپ بېيىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ بەزى قوشاقلىرىغا ناخشا ـ مۇزىكا ئىشلەنگەن بولۇپ، ئادەمنى ئىنتايىن تەسىرلەندۇ-رىدۇ.

سارىخان بانۇ ھەققىدىكى قوشاقلار ئەڭ دەسلەپ رۇس ېتنوگرافى پانتۇسوف تەرىپىدىن 1871 — 1883 ـ يىللاردا غۇلجىدا توپلىنىپ قەلەمگە ئېلىنىپ، توققۇز كۇپلېت قوشاق «تارانچى قوشاقلىرى» نامىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن م. س. ئاندورىيىف ۋە ئاكادې-مىك رادلوفلارمۇ ئۇ ھەقتىكى قوشاقلارنى خوتەن، غۇلجا، ئۇرۇمچىلەردىن توپلىغان. رادلوف 1886 ـ يىلى ئۆزىنىڭ كۆپ توملۇق كىتابىنىڭ 6 ـ تومىدا ئېلان قىلغان.

«سارىخان بانۇ ھەققىدە قوشاقلار»دا ئەمگەكچى خەلقنىڭ باي ـ بەگ، چىرىك ئەمەلدارلارغا بولغان كۈچ-لۈك غەزەپ ـ نەپرىتى، كەمبەغەل، يوقسۇللارغا بولغان

ھېسداشلىقى، ئەركىن، پاك ئىنسانىي مۇھەببەتكە بولغان تەلپۈنۈشى، ئارزۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق، شەرم ـ ھايا، ئەركىن مۇھەببەت پەزىلەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ياش ئەۋلادلارغا ئەدەپ ـ ئەخلاق، توغرا نىكاھ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

1

سارىخان بانۇنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرىنى بايان قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

بەگلەر زالىم ئاتاقلىق،
قازىلار گېلى ياغلىق،
خەلقىمنىڭ باغرى داغلىق،
ئەجەب يامان زامان بولدى.

ھەر كۈن بولۇر ھەرخىل زاڭ،
سىلىق ئۈستىگە ئالۋان.
سۆزگە كىرمىسە ساۋاڭ،
رەڭگىمىز سامان بولدى.

قىزلارنىڭ بەختى قارا،
يىگىتلەر دىلى يارا.

ھەقنى دەپ قايغا بارار؟
ياخشى ئىش يامان بولدى.

ياشىم ئوتتۇزغا يەتتى،
ئۆمرۈمنىڭ تېگى كەتتى.
بەش كۈنلۈك بۇ ئالەمدە،
كىم مۇرادىغا يەتتى؟

كەمبەغەل مېنىڭ يارىم،
باي مېنىڭ خىلىم ئەمەس.
پۇل تاپسا بۇلاپ تاپار،
تېگىنى بۆلۈپ بەرمەس.

يورۇغقاشنىڭ تاشنى،
ئاسمانغا ئاتسام چۈشمەيدۇ.
بۇ لەنەتلىك زاماندا،
قىز - يىگىت كۆرۈشمەيدۇ.

يولسىز پەتمۇا بىلەن،
مەن قەپەسنىڭ ئىچىدە.
بايلار زۇلمىدىن يارىم،
يىغلار كۈندۈز، كېچىدە.

ئەقىدەمگە يىغلايمەن،
تەقدىرگە تەن بەرمەيمەن،

راست سۆز قىلسام ئۆلمەيمەن،
بايلارنى چوڭ بىلمەيمەن.

2

سارىخان بانۇنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ ئېيتقان قوشىقى:

قاپقارا قاشىم مېنىڭ،
ئۇچار بولسام قانات ماڭا.
چېچىم تال – تال ئۆرۈلگەن،
ھەربىرى بىر ئات ماڭا.

كىرپىكىم دۈشمەنگە ئوقيا،
قولدىشىم پەرھات ماڭا.
كۆزلىرىم چولپانغا تەڭ،
مەشئەلى نىجات ماڭا.

يارىم بولسا چۆل ئىچرە،
دەشت – چۆل ئاۋات ماڭا.
چۆلدە ئىشلىگەن يارىم،
قەنت ئەمەس، ناۋات ماڭا.

ئۆز يولۇم بار تاللىغان،
ئۆزگىچە يول يات ماڭا.

ئۆز يولۇمدىن قايتماسمەن،
بەخت ئۆزى قات ـ قات ماڭا.

3

سارىخان بانۇغا كۆيۈپ قالغان بويتاق ياش يىگىت ـ لەرنىڭ ئىجاد قىلغان قوشىقى:

باغىڭغا كىرىپ كۆردۈم،
ئۆرۈكۈڭ تولا شاخلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
سارىخان تىلى تاتلىق.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئالما تۈگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە سارىخان،
ئېلىپ قاچقۇدەك بوپتۇ.

باغ ئىچىدە بوستانلار،
ياشىرىپتۇ چوكانلار.
سارىخاننىڭ دەردىدە،
ئاقتى كۆزۈمدىن قانلار.

ئاقسارايدا ئولتۇرغان،
سارىخان مېنىڭ يارىم.

كۆيەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
خەۋەردار بولمىغان يارىم.

گۈلزارنىڭ ئارا چۈغلۇق،
گۈلزار ئىچى بۈلبۈللۈق.
گۈلنىڭ گۈلى سارىخان،
سىزگە سېغىنىپ قۇللۇق.

سارىخان قىزىل گۈلدەك،
مەن ئىشقىدا بۈلبۈلدەك.
سارىخان كۈلۈپ قويسا،
خىزمەت قىلىمەن قۇلدەك.

سارىخان تىلى تاتلىق،
كۆڭلىدۇر ئەجەب قاتتىق.
ئىشىكتىن چىقالمايدۇ،
مەن كەلسەم كېچە ئاتلىق.

سارىخان ئۆزى چاققان،
مەن ئىزدەپ ئاران تاپقان.
ۋەدىسىدە تۇرغاي دەپ،
كۆپ ئويلاپ بېشىم قاتقان.

سارىخان كىچىك ياشلىق،
ئاي يۈزلۈك، قارا قاشلىق.

ئىشىكتىن چىقالمايدۇ،
ئاتا ـ ئانىدىن باشلىق.

سارىخان خۇمار كۆزلۈك،
گېپى ئۈز، شېرىن سۆزلۈك.
دۈشمەن گۈيلار كۆرەلمەي،
قىلىدۇ ئالا كۆزلۈك.

مېنىڭ يارىم سارىخان،
بىر ئۆزۈملا خالىغان.
ئىككى كۆزى كور بولسۇن،
يامان كۆزدە قارىغان!

## نۇزۇگۇم قوشاقلىرى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1644 ـ يىلى پۈتكۈل جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن تارتىپ، تاكى 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدا ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر بولغان 260 نەچچە يىل جەريانىدا، چېكىدىن ئاشقان فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنى يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك ئېزىپ، ئۇلارنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى. بولۇپمۇ جياچىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرىدا دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. قەشقەر خەلقىنىڭ مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆرىشى ئەنە شۇ جياچىڭ دەۋرىدە كۆتۈرۈلگەنىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى كونترول قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئەڭ ئاۋۋال بويسۇنغان قۇمۇل، تۇرپاندىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنى قولچوماق قى-

لىپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ئىمتىياز ـ ھوقۇق بېرىپ، شۇلار ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتى. بۇ كىشىلەر ۋاڭ ـ گۇڭ مەرتىۋىلىرىگە ئىگە بولغاندىن سىرت، جەنۇ-بىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەر-نىڭ ھاكىم بېگى، بېگى قاتارلىق مەنسەپلەرگىمۇ تەيىن-لەندى. ئۇلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنى ئۆزلىرىگە ئارقا تىرەك قىلىپ، يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يەرلىك خەلقنى ئاياغ ـ ئاستى قىلدى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تەگدى. خەلق ياشاش ئىمكانىيىتى-دىن ئايرىلدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، 1826 ـ يىلى قەشقەر خەلقى قوللىرىغا قورال ئېلىپ، مانجۇ ئىستىبداتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈ-رۈپ، چىڭ خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بېرىپ، ھاكىم ـ بەگلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى، بىراق، قوزغىلاڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە دۈشمەننى بې-سىپ چۈشەلمىگەچكە، قانلىق باستۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى قەشقەردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، ئۆزلىرى «گۇمانلىق» دەپ قارىغان كىشى-لەرنى تىزىملاپ، ئىلىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ، ئېغىر ئەمگەككە سېلىپ، ئىلىدا تۇرۇشلۇق مانجۇ چېرىكلىرىنى بېقىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە يۇرت ـ ماكانى، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلغان قەشقەر شەھەرلىك

نۇزۇگۇمۇ بار ئىدى.

نۇزۇگۇم ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ كېلىپ ئامبال موڭغۇلنىڭ ئۆيىدە مالاي بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن ئاكىسى ئابدۇقادىرنى ئىزدەيدۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇ مۇشۇ ئۆيدە مالاي بولۇپ ئىشلەۋاتقان باقى دېگەن يىگىت بىلەن تونۇشىدۇ. نۇزۇگۇم بىلەن باقى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. لېكىن، ئامبال نۇزۇگۇمنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى كۆزلەيدۇ. بۇنى سەزگەن باقى نۇزۇگۇمنىڭ ئا-كىسى بىلەن بىرلىشىپ، نۇزۇگۇمنى ئەمەلداردىن قۇتقۇ-زۇپ قېلىش ئۈچۈن، تۇرلۇك ئامال - چارىلەرنى قىلىپ باقىدۇ. بىراق مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇزۇگۇم ئامبالغا يالغاندىن ماقۇل بولىدۇ ۋە توي كۈنى ئاخشىمى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى يالغۇز قومۇشلۇققا قې-چىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت چې-رىك چىقىرىپ، ئىزدەپ يۈرۈپ نۇزۇگۇمنى تۇتۇپ كېلى-دۇ ھەمدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ چېپىپ ئۆلتۈرگۈزىدۇ. نۇزۇگۇم قوشاقلىرىدا نۇزۇگۇمنىڭ قەيسەر ئىرادىسى، سەممىمىي، ساپ، سادىق پەزىلىتى، خەلققە ۋە يۇرتىغا بول-غان چوڭقۇر مۇھەببىتى، تىز پۈكمەس كۈرەشچان روھى ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، بۇ قوشاقلار خەلقىمىز ئىچىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە. نۇزۇگۇم ھەققىدە تارىختىن بۇيان يەنە نۇرغۇن رومان، پوۋېست، ھېكايە، داستان قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجاد قىلىنغان.

نۇزۇگۇمنىڭ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان چاغدا ئاتىسىغا قاراپ ئېيتقان قوشىقى:

خەير ئاتا، مېھرىبانىم،
غەمگۇزارىم ياخشى قال.
كۆزلىرىم ئاقۇ ــ قاراسى،
تەندە جانىم ياخشى قال.

رازى بول، جېنىم ئاتا،
ئاقلالمىدىم بەرگەن تۇزۇڭ.
گەر قازا يەتمەي ئامان،
كەلسەم قىلارمەن خىزمىتىڭ.

بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن،
يارۇ دوستلار ياخشى قال.
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن،
قەشقەر شەھىرىم ياخشى قال.

زالىم دوۋاڭ زار[①] يىغلاتتى،
يوقسۇللارنى بەك قاقشاتتى.
ياش دېمىدى ــ يا قېرى،
ئايرىپ پۇلغا ساتتى.

---

① قوزغىلاڭنى باستۇرغۇچى ئەمەلدار.

گۇناھسىز مەسۇملارنىڭ،
بېشىغا قىلىچ چاپتى.
نى يىگىتلەر، ياش قىزلار،
ئەرك ئۈچۈن قانغا پاتتى.

يانسۇن! يانسۇن! زالىملار
تاجۇ تەختى گۇم بولسۇن!
ئەركىنلىك دۈشمەنلىرى،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن.

نۇزۇگۇمنىڭ ئاتىسىنىڭ قوشىقى:

خەير، قىزىم نۇزۇگۇم،
ئەقلى تازا قۇندۇزۇم.
كۈلپەت چۈشتى بېشىڭغا،
تۇتقۇن بولدۇڭ شورلۇقۇم.

كۆيدۈرسە كۆيمەس ئىدىم،
ئەمدى كۆيدۈم كۈل بولدۇم.
غازاڭ بولغان باغلاردەك،
سارغىيىپ سامان بولدۇم.

دوۋاڭ ئاپەت بىر بەتبەخت،
قىلمىدى ھېچبىر شەپقەت.

ئاپئاق ساقال يۈلۈنۈپ،
دەرد ئۆستىگە بولدى دەرد.

شېرىن قىزىم نۈزۈك ئاي،
ئاكاڭدىنمۇ ئايرىلدىم.
ھېچكىم مەندەك بولمىغاي،
قاناتىمدىن قايرىلدىم.

نۈزۈگۈمنىڭ بېشىغا چۈشكەن دەرد – ئەلەملەرنى ئەسلەپ ئېيتقان قوشىقى:

تۆگىلەر ئاغزى قامغاقتا،
بىر ئاكام بار قالماقتا.
قالماقنىڭ شۇم نىيىتى،
مەن نۈزۈكنى ئالماقتا.

تۆگىلەر بېشى – تاغ بېشى،
مۆلچەرىمىز يار قېشى.
شۇ مۆلچەرگە يەتكەندە،
توختىمايدۇ كۆز يېشى.

يوللارنى تولا مېڭىپ،
ھالسىزلىنىپ تېلىقتىم.
مەن بۇ يەرگە كېلىپلا،
يامان كۆزگە چېلىقتىم.

ياللاڭ ئاياغ سۇ كەچتىم،
تاغنىڭ سۈيىنى ئىچتىم.
چىدالماي قالماق زۇلمىغا،
ئەزىز جېنىمدىن كەچتىم.

ھاۋانى بۇلۇت باستى،
قار ـ يامغۇرلار ياغقىلى.
قانداق چاغدا تۆرەلدىم،
دەرد ـ ئەلەملەر تارتقىلى؟

ئاسماندىكى سار بولدۇم،
يوللار يۈرۈپ خار بولدۇم.
ئاكام قالدى قالماقتا،
بىر كۆرمەككە زار بولدۇم.

تاغدىن چۈشكەن تۆت ئاتلىق،
تۆتىلىسى بوز ئاتلىق.
تۆت ئاتلىقنىڭ ئىچىدە،
مېنىڭ ئاكام سۇمباتلىق.

ئايىغىمدا كىشەن بار،
قوۋۇق قىسار بوينۇمنى.
مىدىر قىلماس بوپ قالدىم،
كويزا قىسىپ قولۇمنى.

چورۇق كىيگەن ئاياغقا،
تۆمۈر ئىشكەل بوش كەلدى.
جېنىم ئاتام قېشىدىن،
بۇ يىللاردا كىم كەلدى؟

سەل ئەمەستۇر ئاققىنى،
كۆزدىن ئاققان يېشىمىز.
قامچا، تاياق ئاستىدا،
ئۆتەرمۇ بۇ بېشىمىز؟

نۇزۇگۇمنىڭ قېچىپ بېرىپ قومۇشلۇق ئىچىدە مۈ-كۈنۈپ ياتقاندا ئېيتقان قوشىقى:

ئالتە ئاي ياتتىم قومۇشتا،
قومۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى.
مەن نۇزۇكىنىڭ بېشىغا،
تاغدىن ئېغىر مۈڭ چۈشتى.

خۇدا سالدى بۇ ئىشقا،
نىيەت پۈكتۈم قېچىشقا.
قالماق چېرىكلىرى يامان،
ئوت قويارمۇ قومۇشقا؟

ئۈچ كۈن ياتتىم قومۇشتا،
مېنى ئىزدەپ كېزەرمىش.
مەن نۈزۈكنى تاپالماي،
ئىتتەك ماراپ يۈرەرمىش.

قومۇشلارغا ئوت قويماي،
مەن نۈزۈكنى تۇتالماس.
مەن نۈزۈكنى تۇتقاندا،
ئۆلتۈرەر، تىرىك قويماس.

ئۇنتۇمايمەن باقىمنى،
قومۇشلۇقتا ياتسامۇ.
كۆڭلۈم ئۇندىن ئايرىلماس،
ئەلەم ـ كۈلپەت تارتسامۇ.

خۇدايىم بەرگەن غۇنچەمنى،
سولۇن ياۋۇز ئۈزەلمەس.
باقى يىگىت، مەرد يىگىت،
زالىم قالماق كۆرەلمەس.

بۇلبۇل ھەرگىز سايرىماس،
ئالتۇن بالداق قەپەستە.
مەن باقىمنى ئويلايمەن،
كېچە ـ كۈندۈز، سەھەردە.

تۆگىلەر ياتار ئويماندا،
باش بۆيلىسى بوينىدا.
تۇتسا قالماق نۇزۇكنى،
پىچىقى بار قوينىدا.

چۆل ـ جەزىرە ئىچىدە،
يوقتۇر بىرەر ھەمراھىم.
قومۇشلۇقتا دەرد تارتىپ،
ئۆتتى كۈنۈم ئاچ ـ زىرىن.

ماڭسام قەشقەر يولىغا،
قەشقەر يولى، يول بولغاي.
نۇزۇك ئاجىز بەدەننى،
بىر خۇدايىم ساقلىغاي.

نۇزۇك ئۆزى تۇتقۇندا،
غېرىب ئاكام پۇشقۇندا.
مەن نۇزۇكنىڭ دەردىدە،
باقى كۆيەر يالقۇندا.

قومۇشلارغا ئوت قويسا،
قېچىپ كىرەي دەرياغا.
ھەرگىز خوتۇن بولماسمەن،
قالماق ئامبال ئەبگاغا!

نۇزۇگۇمنىڭ تاغ ـ تۇرا، جاڭگاللىقلاردا يۇرۇپ، دادىـ
سىنى ئەسلەپ ئېيتقان قوشاقلىرى:

مەن قەشقەردىن چىققانچە،
تۆشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئانام ئۆرۈگەن چېچىمغا،
تارغاق سېلىپ باققان يوق.

كۆرەلمىدىم ئاتامنى،
ئاڭا قېنىپ باققان يوق.
مەن نۇزۇكتەك ھېچ خوتۇن،
يالغۇز چۆلدە ياتقان يوق.

قايناپ تۇرغان قازانغا،
چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق.
ئالتە ئاي ياز قېچىپ يۇرۇپ،
تەكىيە قويۇپ ياتقان يوق.

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى،
سۈزۈپ ئىچەر ئەر قېنى؟
مېنى قەشقەر شەھرىگە،
ئېلىپ كېتەر ئەر قېنى؟

جان ئاتامنى كۆرەلمەي،
ئۆلۈپ كېتەر بولدۇم مەن.
قالماقلارغا تۇتۇلۇپ،
سولۇپ كېتەر بولدۇم مەن.

ئاخىر بولدۇم ئاشكارا،
يوشۇرۇنغىلى يەر بارمۇ؟
باشقا قاتتىق كۈن چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

ئۇزۇگۇمنىڭ تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، كۈرە شەھىرىدىكى ئامبالنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئېيتقان قوشىقى:

كەپە قىلدىم باياۋانغا،
چېرىك كەلدى داۋانغا.
ئون ئىككى كۈن بولغاندا،
مەن تۇتۇلدۇم قاۋانغا.

شىسەن مازى[1] ياخشىدۇر،
ئاغىچىسى خوپ ياخشىدۇر.
دەردنى ئېيتىپ يىغلايمىز،
دەردىمىز مۇڭ ـ ناخشىدۇر.

---

① مازى ــ چوقۇر مەنىسىدە.

ئاتامنى مەن سېغىندىم،
ئاكامنى مەن سېغىندىم.
تىرىكمىكىن شۇ ئاتام،
خەۋەر ئۇقماي يىغلىدىم.

ئاكامغا يېتەلمەسمەن،
ئاتامنى كۆرەلمەسمەن.
ئاتامنى كۆرۈپ ئۆلسەم،
ھەرگىز ئارمان قىلماسمەن.

ئاكام مۇندا كېلەرمۇ؟
مېنى ئېلىپ كېتەرمۇ؟
بىر خەۋىرى يوق ئۇنىڭ،
قەشقەرگە تىنچ يېتەرمۇ؟

نۇزۇگۇم موڭغۇل ئامبالنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئالتە ئاي قېچىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ جاڭگالدا قېچىپ يۈرۈپ ئېيتقان قوشىقى:

ئالتە ئاي ياتتىم خاماندا،
نان يېشۇردۇم ساماندا.
ئاجىز نۇزۇك جاڭگالدا،
ئاتام يۈرەر قاياندا؟

سولۇن بېرىپ يامۇلغا،
ئەرز قىپتۇ جاڭجۇنگە.①
جاڭجۇن يايى ئەۋەتتى،
مەندەك ئاجىز خوتۇنغا.

يايى چىقتى تۇتقىلى،
ئەجدىھادەك يۇتقىلى.
ئون بەش يايى كېلىپتۇ،
مەن نۇزۇكنى تۇتقىلى.

قومۇشلۇق بولدى جايىم،
بۆرە، تۈلكە ھەمراھىم.
خۇدانىڭ ھۆكمى بىلەن،
جاڭگال بولدى ماكانىم.

ئالتە ئاي بولدى يالغۇزمەن،
قەشقەر يولىنى بىلمەسمەن.
خۇدا مېنى ساقلىسۇن،
سولۇنلارنى كۆرمەسمەن.

ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن،
بالالارغا قالمىسۇن!
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم،
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن!

① ئىلى جاڭجۇنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

نۇزۇگۇمنىڭ دۆڭ يامۇلدا تۇرۇپ ئېيتقان قوشىقى:

ئامباللارنىڭ خاڭزىسى،
غۇلجىدا بار فاڭزىسى[①]
چاقاي دېسەم چېقىلماس،
قولۇمدىكى كويزىسى.

خۇدا بەرگەن غۇنچەمەن،
سولۇن قالماق ئۇزەلمەس.
خوتۇن قىلماق قەستىمۇ،
مېنىڭ قەددىمنى پۇكەلمەس!

ئايىغىمدا كىشەن بار،
بوينۇمدا تاختاي تىڭگاڭزە[②].
ئېلىپ قاچار نۇزۇكنى،
بارمىكىن بىر خوخەنزە؟

يامۇلنىڭ بار ئۆگزىسى،
ئون بەش غۇلاچ توغرىسى.
كۆرسەم ئەسكى كىگىزدۇر،
سولۇنلارنىڭ موزىسى.[③]

---

① فاڭزىسى — ئۆي - جايى.
② تىڭگاڭزە — بويۇنغا سېلىنىدىغان كىشەن.
③ ماۋزى — قالپاق.

ئەپيۇن تەرگەن سولۇننىڭ،
توڭگۇز يېغى جوزىسى.
ئوك قولىدا داۋزىسى،①
سول قولىدا خوزىسى.②

ئەپيۇن چەككەن جاللاتلار،
دۆڭ يامۇلدا تارتىدۇ،
قاپقاراڭغۇ زەي ئۆيدە،
نۇزۇك جۇۋان ياتىدۇ.

داۋگۇاڭ خاندىن خەت كەلسە،
«نۇزۇگۇمنى ئۆلتۈرا!» دەپ.
ئەل ـ جامائەت ئېيتىدۇ:
روھى «جەننەت كۆتەر» دەپ.

مويتۇڭزىدا چاپقاندا،
مەن ئالدىدا ئۆلەرمەن.
موللىلارنىڭ سۆزىچە:
«بېھىش يۈزى» كۆرەرمەن.

مانجۇ چېرىكلىرى نۇزۇگۇمنى تۇتۇپ كەلگەندە، نۇزۇگۇمنىڭ زىنداندا ئېيتقان قوشىقى:

---

① داۋزىسى ــ پىچىقى.
② خوزا ــ ئەپيۇن سالىدىغان چىلىم.

نۇزۇك بىلەك باغلاندى،
ئۆلتۈرگىلى چاغلاندى.
نۇزۇگۇم ئۆزى يالغۇز،
شى يامۇلغا سولاندى.

«نۇزۇگۇم» دەپ كۆپ يىغلاپ،
ئاتام قەشقەردە قالدى.
يالغۇز مېھرىبان ئاكام،
قالماق ئىچىدە قالدى.

كاشكى كۆرسەم ئاتامنى،
قالماقتىكى ئاكامنى.
كۆرمەي ئۆلۈپ كېتەرمەن،
قەشقەردىكى تاغامنى.

مەن كۆرمىگەن مومامنى،
مېنى تۇغقان ئانامنى.
چەنفەن[1] بېرىپ ئۆلتۈرگەن،
ئۇچ ياشتىكى بالامنى.

يامۇل ماڭا قىيىندۇر،
ئۆلۈم ۋاقتى يېقىندۇر.

[1] چەنفەن — چېرىك، جاللات مەنىسىدە.

زالىملارنىڭ سورىقى،
پايدىسىز - بىر تىيىندۇر.

ئالدىمدىكى جاللاتلار،
قىلىچىنى ئوينىتار.
مېنى ئۆشبۇ ئۆلۈمدىن،
قانداق كىشى ئاجرىتار؟

# مىراجىخان ھەققىدە قوشاق

مىراجىخان ــ بىر تارىخىي شەخس. ئۇ 18 ـ ئە. سىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۇچادا ياشىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۇچانىڭ شەھەرگە يىراق ياقا دېگەن يېزىسىدا بىر دېھقان ھالال ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇنىڭ قىزى مىراجىخان ناھايىتى ئەقىللىق، لاتاپەتلىك، شەرم ـ ھايالىق قىز بولۇپ چوڭ بولىدىكەن. قىز رەسىدە بولغاندا، ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇنى كۇچانىڭ چىمەن دېگەن يېزىسىدىكى بىر پۇلدار كىشىگە ياتلىق قىلغان. بىراق، ئۇزۇن يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارغا مىراجىخاندىن ھېچقانداق خەت ـ خەۋەر بولمىغان. مىراجىخاننىڭ ئانىسى ئاق كۆڭۈل دېھقان ئايالى بولۇپ، كۆن بويى قىزىنى ئويلاپ، قىزىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي، غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن. بالا دەردىدىن ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان. ئۇ قىزىنىڭ دەردىدە، ئازابلىق، ھەسرەتلىك كۆنلىرىنى ناخشا ـ قوشاقلارغا قوشۇپ، ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى بەرگەن. زۇلمەتلىك، قاراڭغۇ جەمئىيەتنىڭ تەڭسىز ـ ئادالەتسىزلىكىگە نارازى بولۇپ، غەزىپىنى ئىپادىلىگەن ۋە ئاخىد.

ـرىدا قىزىنى تاپالماي، دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە بۇ دۇنيا بىـ
لەن خوشلاشقان. مىراجىخاننىڭ ئانىسى ئېيتقان بۇ ناخـ
شا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇن ۋە قايغۇلۇق لىرىك كۈچى
ئارقىلىق كۈچادىكى ھەر تەبىقە كىشىلىرى قەلبىگە سىـ
ڭىپ كەتكەن. بۇ قوشاق نىساخان ئانىنىڭ ئاھاڭ ئىشـ
لىشى ۋە سەھنىدە ئورۇندىشى بىلەن بۈگۈنكى دەۋرىمىزـ
گىچە يېتىپ كەلگەن.

«مىراجىخان ھەققىدە قوشاق» ــــ ھەم تارىخىي قوـ
شاق، ھەم تارىخىي ناخشا بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۈچا
خەلقىنىڭ تەبىئىي، ياسالمىلىقتىن، دەبدەبىلىكتىن خاـ
لىي بولغان قەلب دۇنياسىنى ۋە تۇرمۇش گۈزەللىكى
ھەققىدىكى ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئىپادىلىگەن، ئۇ تويـ
مەرىكە، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئېيتىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ
يۈرەك تارىنى چېكىپ ئۆتىدىغان ئەڭ ئاكتىۋال مەزمۇنـ
دىكى قوشاقلاردۇر.

ئۆزۈڭ ئۇندا بارامسەن؟
مېنى مۇندا قويامسەن؟
يۈرەكىم چاكى ـ چاك بولدى،
كېلەي دەپمۇ قويمايسەن؟
ۋاي بالام مىراجىخان.

ئارقىدا قىمار ئويناپ،
سەيپۇڭ قارىينى مەن ئۇتۇپ.

مىراجىخان دەردىدە،
پارە ـ پارە قان يۇتۇپ،
ۋاي بالام مىراجىخان.

سېرىق قۇشقاچ بولۇپ سايراپ،
چىمەننىڭ① يولىغا قاراپ.
قارا كۆزۈم ئەسىر بولدى،
سېنىڭ يولۇڭغا مەن قاراپ.
ۋاي بالام مىراجىخان.

*　　　　*　　　　*

سېرىق سەبدە تولۇن ئايدەك،②
يۈزۈڭگە خال ياراشىپتۇ.
سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا،
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

قاشىڭ دەيمۇ، كۆزۈڭ دەيمۇ؟
سىياقىڭ قىلدى ۋەيرانە.
جاھاننى ئىزدىسەم يوقتۇر،
سېنىڭدەك ياخشى مەردانە.

---

① كۆچادىكى بىر يېزىنىڭ ئىسمى.

② كېيىنكى مەزگىللەردە خەلق ناخشىچىلىرى ئاخىرقى كۆپلېتلارنى قوشۇپ ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ مۇڭ ـ زارىنى ئىپادىلىگەن.

## سادىر پالۋان قوشاقلىرى

سادىر پالۋان ــ شىنجاڭ تارىخىدىكى بىر ئاتاقلىق شەخس، مىللىي قەھرىمان. ئۇ ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى، يالقۇنلۇق خەلق قوشاقچىسى. ئۇ 1798 ـ يىلى كۈزدە ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ موللىتوختىيۈزى يېزىسىدىكى بىر ياللانما دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1871 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. سادىر پالۋان قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ئەڭ داڭلىق، ئەڭ مۇنەۋۋەر قوشاقلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى قاتتىق خانىۋەيرانچىلىق ئىچىدە قالغانىدى. بۇ دەھشەتلىك مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇملارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ياش سادىرنىڭ قەلبىدە زۇلۇمغا قارشى ئۆچمەنلىك ئوتى يالقۇنلايدۇ. چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ دېھقانلارنى بوزەك قىلىپ ناھەق جازالاشلىرىغا بىرقانچە ئون قېتىم قارشى چىقىدۇ. مانا شۇنىڭدىن

باشلاپ ئۇنىڭ نامى ئەل ئىچىدە تارقىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن گۇمانلىق دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆز يېزىسىدا تۇرالماي، غۇلجىنىڭ قازانچى دېگەن يېرىدە 50 كىشىلىك قارشىلىق كۆرسىتىش ئەترىتى تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنى ياخشى يېتەكلەپ 300 كىشىگە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭنى باشلايدۇ. سادىر پالۋان يېتەكچىلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلار 1860 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلى ئاشلىق سېڭى، چىلپەڭزە، بايانداي، كۈرە قاتارلىق جايلارنى ۋە كونا قەلئەلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىدا كۆپ قېتىم غەلىبە قازىنىدۇ. سادىر پالۋان 40 يىلدىن ئارتۇق كۈرەش جەريانىدا 13 قېتىم تۈرمىگە تاشلىنىدۇ، ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ، نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. لېكىن، بۇ ئېغىر كۈنلەر ئۇنىڭ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمايدۇ، گۈزەل غايىسىنى يوقىتالمايدۇ، ئۇنىڭ قەددىنى پۈكەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ ئەزگۈچىلەرگە قارشى، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش جەريانىدا پولاتتەك چېنىقىپ، تەدبىرلىك، قاتتىق قوللۇق، ئۆتكۈر باشلامچى بولۇپ يېتىشىدۇ.

«سادىر پالۋان قوشاقلىرى» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلىرىنىڭ شانلىق دەستۇرى، تارىخنىڭ ئۆچمەس شاھىتى. سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىن بىز 18 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارماز-

لىرى، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ئادالەتنى قولغا كەلتۈ-رۈش كۈرىشىدىكى جاپالىق مۇساپە، سەرگۈزەشتىلىرىنى، يېڭى، بەختىيار زامانغا تەلپۈنۈش ئىرادىسىنى كۆ-رۈۋالالايمىز. ئۇ زور تارىخىي، ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە.

1

## سادىر پالۋاننىڭ بۇرۇنقى قوشاقلىرى

سادىر پالۋاننىڭ كۈرە يامۇلىدا ياتقاندا ۋە يامۇلدىن قېچىپ چىققان ۋاقىتلىرىدا ئېيتقان قوشىقى:

تەلكىننىڭ تېغى دەيدۇ،
مېنىڭ ئەسلى ماكانىمدۇر.
نېمە قىلساڭ قىل شەنگەن،
سېنىڭ سورار زامانىڭدۇر.

تەلكىننىڭ تېغى دەيدۇ،
مەردلىك ياغار چىرايىدىن.
مېنى كۆرمە ئۆلۈمتۈك سەن،
چاپانىمنىڭ ياماقىدىن.

تەلكىننىڭ تېغى دەيدۇ،
بېشى كۆكنى قۇچاقلايدۇ.

سەن جاڭجۇن بەك خار كۆرمە،
مېنى ئەل - يۇرت ئۇلۇغلايدۇ.

يامۇلغا چۇشۇپ قالدىم،
چۇسا بىلەن پىتلارغا.
ۋاڭزى[1] «پۇل» دەپ ھەيدەيدۇ،
ئۇلگۇرمەيدۇ ئىتلارغا.

ۋاڭزى «ئالساملا» دەيدۇ،
ۋاڭزىغا نېمە لازىم؟
يار خالتا ئەۋەتىپتۇ،
يامۇلدا يېتىپ تەزىم.

يامۇلدا تولا يېتىپ،
چېچىم بىر قۇچاق بولدى.
مەن يامۇلنى تەشكەندە،
قوۋۇرغام پىچاق بولدى.

يامۇلنى تېشىپ قويۇپ،
قېچىپ چىقتىم تالاغا.
مېنى باققان بەش يايى،
ئەمدى قالدى بالاغا.

① ۋاڭزى ــ بەگ، ھاكىملار مەنىسىدە.

يامۇلدىن قاچقان ۋاقىتتا،
قازانچى[1] بىلەن قاچقان.
چىرىكلەر قوغلاپ كەلسە،
قار كېچىپ داۋان ئاشقان.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
تاغلارنى ماكان ئەتتىم.
قورساق ئىچى يامانكەن،
شالۋۇرنى[2] كاۋاپ ئەتتىم.

شالۋۇرنى كاۋاپ ئەتسەم،
بىر تاتلىق بېغىر بولدى.
تاغلاردا قېچىپ يۈرۈپ،
ئاتلىرىم يېغىر بولدى.

ئېگىز تاغنىڭ قارغىيى،
قىشلىقى شالاڭ ئوخشاش.
ھەمراھىمنى[3] يەي دېسەم،
ئۆزۈمنىڭ بالام ئوخشاش.

يامۇلدىن چىققان كۈنى،
ھېلىم بىلەن تېپىشتىم.

---

① قازانچى — جاي ئىسمى.
② شالۋۇر — تېرە ئىشتان.
③ ھەمراھىم — مىنگەن ئېتى.

قوغلاپ چىققان چېرىك بىلەن،
ئۈچ كۈنگىچە ئېتىشتىم.

چېرىك قاچتى ئىلىغا،
ئېتىپ چۈشۈردۈم بېلىغا.
سەكرەپ چۈشۈپ ئېتىمدىن،
نەيزە تىقتىم گېلىغا.

مەن بىلمەس نە يامۇل بار؟
بولدى يۈرىكىم پارە.
بالا كەلسە بېشىمغا،
تارتماسقا نىمە چارە؟

مەن يامۇلدىن قاچقاندا،
بىر مانجۇ بىلەن قاچقان.
سالاسۇنغا سولاپ قويسا،
قۇلۇپ تولغاپ، ئىشىك ئاچقان.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
بەش كۈن ماڭدىم پىيادە.
بىر قالماق «ماڭغىن» دەيدۇ،
دۆلەت بەرسۇن زىيادە.

يامۇلدىن قاچقان كۈنى،
ياتقان يېرىم يانبۇلاق①

① يانبۇلاق ــ جاي ئىسمى.

خۇدايىمدىن تىلەيمەن،
ماڭا بەرسۇن بىر ئۇلاغ.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
ئارغامچا تېپىپ ئالدىم.
مەن مىنگەن ئالا ئاتنى،
ئون سەرگە سېتىپ ئالدىم.

يامۇلدىن قاچار چاغدا،
لوسىشى① ئامال تاپتى.
سېپىلنى تېشىپ قويۇپ،
تۆشۈككە چاپان ياپتى.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
ئون كۈن ماڭدىم پىيادە.
تۇتامدۇ، تۇتالمامدۇ؟
بۇيرۇق بىلەن ئىرادە.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
خىيال كىردى بېشىمغا.
پىچاق، چاقمىقىم، خالتا،
شەرۋانىخان قاياشىمغا.

يامۇلنىڭ ياغاچلارى،
قىزىل سىردا سىرلاقلىق.

② لوسىشى — تۈرمىدىكى ھەمراھى.

مېنى باققان بەش يايى،
ئۇرۇمچىدە سولاقلىق.

يامۇلنىڭ ياغاچلارى،
ئېگىز قارىغاي چەڭزە.
يامۇلدىن قېچىپ چىققان،
سادىر ئۆزى خوخەنزە.

يامۇلنىڭ ياغاچلارى،
ئالا ـ ئالا ئالىماچ.
مەن يامۇلدا ياتقاندا،
بالىلار قالغان يالىڭاچ.

سادىر بىر ئوغۇل بالا،
ياۋان يەرنى خالايدۇ.
بىر يامبۇ بېرىپ قويسام،
ئۆلتۈرمەيدۇ، پالايدۇ.

هاشارچىلارنىڭ تۇرمەلنى توختىتىمىۋالالماي تۇرغان چېغىدا سادىر پالۋاننىڭ ئېيتقان قوشىقى:

تۇرمەلنى تۇرۇپ قويدۇق،
هېكىم يايىدىن باشلىق.
يايىلار زۇلۇم سالسا،
بوزەك بولمىغان قاشلىق.[1]

[1] قاشلىق ــ قاش دەرياسى بويىدىكى ئەمگەكچىلەر كۆزدە تۇتۇلغان.

تۆرمەلگە كۆچۆپ كىرسەك،
تۆرمەلنىڭ كۆچى كۆپتۆر.
ھەرقانچە غەيرەت قىلساق،
قورساقنىڭ جېنى يوقتۆر.

تۆرمەلنى ئېلىپ قاچسا،
دەريانىڭ سۆيى تاشقىن.
بىز تارتساق بۆ دەردلەرنى،
ئامبالنىڭ خۆيى چاچقىن![1]

نى مەردلەر ئۆلۆپ كەتتى،
تۆرمەلنىڭ قاشاسىدا.
جېنىمنى تىكىپ قويدۆم،
ۋاڭخۆلۆ ھاشارىدا.

سادىر پالۋاننىڭ فېئودالىزم ۋە زالىم بەگ-لەرنىڭ زۆلۆمىغا قارشى ئېيتقان قوشىقى:

بۆ چاقۆ يامان چاقۆ،
ئۆزلەرنى خار ئەيلىگەن.
بەگ، خوجامغا شەھەر بېرىپ،
يۆرتنى دەسسەپ، چەيلىگەن.

② چاچقىن ـــ ئەمەلدارلارنىڭ خۆي - مىجەزى قوپال، قاتتىق مەنىسىدە.

يامۇلغا يالاپ ماڭدى،
شۇم چاقۇ بىلەن بىزنى.
ئىچ ئاغرىتماس زالىملار،
تۆكتى قان ـ يېشىمىزنى.

چاقۇ بىلەن يۈز بېشى،
ئامباللىققا سايلاندى.
سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
ئاغزى ـ بۇرنى مايلاندى.

زالىملار زامانىدا،
ئەلنى قىينىدى خانلار.
سادىر ئاتلىنىپ چىقتى،
ئاقماس ئۇچۇن كۆپ قانلار.

سادىر پالۋاننىڭ زالىملارنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ئۇ- رۇپ ـ قىيناشلىرىغا قارىتىپ ئېيتقان قوشىقى:

مېنى پالاپ ئېلىپ ماڭدى،
بۇرنۇمغا سېلىپ زىخچە.
ئۇسسۇتسەڭمۇ قايتماسمەن،
جاڭجۇن ئىشلىگەن مىخقا.①

① مىخ ـــ ئىرادىدىن قايتماسلىق مەنىسىدە.

قەپەسكە سولۇۋەتتىڭ،
تۆت تەرەپكە قارايمەن.
ئۆزۈم بۇندا، كۆۋاھ بەندە،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.

بالا ـ چاقام يىتىم قالدى،
چاقىرسام ئۈنۈم يەتمەس.
قورقماس غەيرىتىم باردۇر،
ئەل ئۈچۈن بېشىم كەتمەس.

«قاچاقلار» دېمەڭ بىزنى،
يۈرىيمىز ياياق تاشتا.
خان كۈرەگە سۇ باشلاپ،
ئاش ـ نان تاپقان شۇ باشتا.

مېنى سىنىماق بولغان،
خان جاڭجۇن چىغىڭ چاغلىق!
ھەرقاچان زۇلۇم سالساڭ،
ئوغۇل بالىمەن قاڭرۇق!

مېنى تۇتىمەن دېگەن،
سەن تاغلىق، قارا تاغلىق.
مېنى سەن تۇتالمايسەن!
ئوغۇل بالىمەن قاڭرۇق!

سادىر پالۋاننىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن دەرد ـ ئەلەم-
لەرنى يادىغا كەلتۈرۈپ ئېيتقان قوشىقى:

ئالۋانغا سۈرۈك[1] بەرمەي،
يايى قامچىلاپ چىقتى.
بۇ زۇلۇمغا چىدىماي،
سادىر ئاتلىنىپ چىقتى.

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپتە تۇتۇلغاندا،
دۆڭ يامۇلغا پالانغان.

سادىرنى تۇتۇپ بەرگەن،
ئاق جاڭزىدىكى شاڭيو.
جان باقماق ئۈچۈن ساتتىم،
قۇمۇل شەھىرىدە ياڭيۇ.

سادىر مەنۇ – سادىر مەن،
سادىر بولماي كىمدۇر مەن؟
تاغ يولىنى سورىساڭ،
بىرنى قويماي بىلۈرمەن.

يوللاردا كېتىپ بېرىپ،
قاتتىق نېنىمنى يېدىم.

---

① سۈرۈك ــ مۆھلەت، ۋاقىت.

بىر مانجۇ سوراپ ئەردى:
مەن ئۆزۈم خەنبىن[1] دېدىم.

سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى،
ساغرىسىدا ئالىسى.
ئىلىدا خوتۇن قالدى،
قۇچىقىدا بالىسى.

چېرىك چىقتى يېيىلىپ،
سادىر ئاتتى پېتىنىپ.
دالدىدىكى قارا تاش،
جۇۋامنى ئالدى يېپىنىپ.

قوغلاپ چىققان چېرىكنىڭ،
مىنگەن ئاتلىرى قاشقا.
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

لاتىدىن پوپۇچ تىكسە،
كۆرمىگەنلەر «خەي»[2] دەيدۇ.
سادىرنىڭ ئۈنى چىقسا،
چېرىك قورقۇپ «ھە» دەيدۇ.

چوڭ يولدا كېتىپ بارسام،
بىر چېرىك «مەكە!» دەيدۇ.

---

② خەنبىن — خەنزۇ ئەسكىرى مەنىسىدە.
① خەي — ئاياغ، ئاياغ كىيىم مەنىسىدە.

باشقا تارتىپ بىر سالسام،
«بولدى مالڭ! كېتە!» دەيدۇ.

ئىسسىت، ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى،
زەي زىنداندا، سولاقتا.
ھېچبىر راھەت كۆرمىدىم،
ئەلەم تارتىپ قاماقتا.

ئايلىنىپ تولا يۈرۈپ،
خويمۇ زېرىكتىم شەدىن.
خۇدايىم ئايرىمىسۇن،
«قازانچى» دېگەن يەردىن.

«قازانچى» دېگەن يەرنى،
چېرىكلەر تاپالمايدۇ.
يىراقتىن قاراپ تۇرسام،
بىر دۆڭدىن ئاشالمايدۇ.

سادىر ياتقان كامارغا،
ئۇچار قانات كىرمەيدۇ.
مەن بۇ يەردە يۈرىمەن،
باللىرىم نېمە يەيدۇ؟

ئات مىندىم كۆرەڭ قاشقا،
سەكرەتتىم تاشتىن ـ تاشقا.

چىرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

قار كېچىپ تولا مېڭىپ،
ئۆتۈكۈمنى ھۆل قىلدىم.
تاشقا مالىخاي كىيگۈزۈپ،
چېرىكلەرنى گول قىلدىم.

سادىر پالۋاننىڭ ئىلىدا قايتا تۇتۇلغاندا ئېيتقان قوشىقى:

بۇ تاغلار تونۇش تاغلار،
مەڭگۈگە ئاداشىمدۇر.
قول شىلتىسا شىلتىسۇن!
قاچاقلار قاياشىمدۇر.

ھەيۋەتلىك قىياتاشلار،
يامغۇر سۈيىدە يېرىلار.
سەن تۇرساڭ تىك باغلاقلىق،
سادىرنىڭ قانداق چىدار؟

قاشىنىڭ قارىسى سەندە،
ئۆزۈڭدىن ئۆكسۈپ يۈرمە!
قاراخان بىلەن ئۇنى،
مەڭگۈلۈك ئاداش كۆرمە!

سادىر پالۋاننىڭ ئىلى يامۇلىدا ياتقاندا جەنۇبتىن چىققانلار بىلەن بىرلىكتە ئېيتقان قوشىقى:

«بۇغدايچى» دېمەڭ بىزنى،
قەشقەرلىك دېمەڭ بىزنى.
تۇغقاننى بۆلۈپ تاشلاپ،
يەك كۆرمەڭ ئەزىزلەرنى.

تاغنىڭ ئارقىسىدا دەيدۇ،
ئىلىخو دېگەن يەرنى.
شەھەر ئايرىپ ئالالمايسەن!
بوينۇڭدىكى مەرەزنى!

ئۆستەڭنى چېپىپ قويدۇق،
مەمتىمىن، ھېكىم باشلىق.[①]
خان جاڭجۇننى يوقاتساق،
بىزنىڭ بولىدۇ ئاشلىق.

سادىر پالۋاننىڭ ئۇرۇمچى يامۇلىدا ياتقان ۋاقىتتا تۇرمىدە مەھبۇسلار بىلەن ئېيتقان قوشىقى:

كۆزۈمنى ئېچىپ قويدى،
ئۆزگە يۇرت قاياشلىرى.
تۇغقاندىنمۇ چارىكەن،
بىر مەسلەك باغاشلىرى.

---

① بىللە ئىشلىگەن ئادەم ئىسمىلىرى.

زىندان ئىچى قاراڭغۇ،
چىراغ نۇرى يورۇتالماس.
بىز تۇغقانلار بىر بولساق،
تۆمۈر چىشلار تاپالماس.

ھېلىم، سېلىم بىر تۇغقان،[1]
تاغ ئارتىلىپ سىز چىققان.
تەيپۇنەملىك[2] يارەنلەر،
بىز بۇ يەردە ئۇچراشقان.

خان جاڭجۇننىڭ يامۇلى،
بىزنى قىلدى بىر تۇغقان.
بىر ياقىدىن باش چىقسا،
دۈشمەن بولۇر يەر - يەكسان.

سادىر پالۋاننىڭ ئۈرۈمچى يامۇلىدىن قاچقاندا ئېيتقان قوشىقى:

دىخۇا[3] دىن قېچىپ چىقىپ،
ئۆز يۇرتقا كېتەلمىدۇق.
ھەرقانچە قىلغان بىلەن،
مەقسەتكە يېتەلمىدۇق.

---

① جەنۇبتا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۆتۈرۈلۈپ، غۇلجىغا چىقىپ، سادىر پالۋاننىڭ چوڭ قوشۇنىغا قاتناشقان ئاكا- ئۇكا باتۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

② ئەينى يىللاردا گەنسۇ، شەنشى، نىڭشيادا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار بىردەك تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلاڭچىلىرى دەپ ئاتالغان.

③ دىخۇا — ئۈرۈمچىنىڭ ئىلگىرىكى نامى.

قونغان يېرىمىز تاشلىق،
قىيىندى قورساق ئاچلىق.
تىلماچلىق قىلىپ بەزەن،
بولۇۋالدۇق چېرىك باشلىق.

سادىر پالۋاننىڭ تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە ياتقاندا ئېيتقان قوشىقى:

تاش كامىردا ياتسام،
ھۇۋقۇشلار ئۇۋام دەيدۇ.
مەن ئۆڭكۈردە ياتقاندا،
بالىلىرىم نېمە يەيدۇ؟

ئۆڭكۈر باشتىكى قاردىن،
بىر يەڭ سۇ چۈشەر پەسكە.
بىز تاغلاردا بولساقمۇ،
ئەزىزلەر بىزنىڭ ئەستە!

تاش كامىردا ياتسام،
دەيدۇ: «سادىر ئۆڭكۈرى».
چېرىكلەر قوغلاپ چىقسا،
قىزىلار بۇندا گۆرى.

سادىر پالۋاننىڭ قومۇلغا پالىنىپ كەلگەندە ئېيتقان قوشىقى:

قىش، بوران، شىۋىرغاندا،
ناخشامغا روجەك ياخشى.
جىنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى،
تۆمۈر هارۋا داق – داقى.

قۇمۇل دىگەن يەردىمۇ،
قازان قۇلىقى تۆتكەن.
زالىم تۇڭچىسى، بەگلەر،
زۇلمىدىن ئۆلگەن كۆپكەن.

كاللا كىسەر جاللاتنىڭ،
قولىدا نەيزە، قىلىچ.
خان دەرۋازىسى ئالدىدا،
كاللىغا ياسار بىدىش.

خان دەرۋازىسى ئالدىدا،
كۆردۈم بىگۇناھ بىر باش.
ئىسمى ئۇنىڭ گاڭباقى
ماڭا بولدى قىرىنداش.

سادىر پالۋاننىڭ قۇمۇل يامۇلىغا يۆتكىلىپ، زىندانىدا ياتقاندا ئىيتقان قوشىقى:

يىلان باغرىدەك يوللار،
يۇرتۇمنىڭ ئىز قاشقىسى.
ماڭا قىلچە بىلىنمەس،
ئەل ئىشقىدىن باشقىسى.

تەلكە تاغلىرى دەيدۇ،
تەڭرى تاغلىرى دەيدۇ.
قارا خانغا دەرد تۆكسەڭ،
بىر دەملىك لەببەي دەيدۇ.

تارتقىنىم زۇلۇم – كۈلپەت،
مىڭ ئۆلۈپ تىرىلدىم مەن.
دەرد كەلسە كېلىۋەرسۇن،
يولۇم ھەق! تىرىلدىم مەن.

سادىر پالۋاننىڭ ئۇرۇمچى يامۇلىدا ئەل ـ يۇرتنى، بالا ـ چاقا، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى سېغىنىپ ئېيتقان قوشىقى:

ئاتىسىدىن يېتىم قالغان،
ئانىسىدىن يېتىم قالغان.
يېتىم قالغاندا مەن ئالغان،
ھېۋىزەم ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئېتىم ئاچ قالدى،
بىر ئېتەك سامان بارمۇ؟
ئاغزىمغا ئىلىم سالغان،
داموللام ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئاتقا نان بەرگەن،
تورۇق ئاتقا چۆپ بەرگەن.

سادىر ئۈچۈن جان بەرگەن،
ھېۋىزەم ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

مېھمانلار كېلىپ چۈشكەن،
چىراغلار يېنىپ ئۆچكەن.
غەمكىن كۆڭلۈمنى يەشكەن،
سارايىم ئامان بارمۇ؟

ئوقۇردا كىشنەپ تۇرغان،
تورۇق ئېتىم ئامان بارمۇ؟
بىر تەكىگە باش قويغان.
ھېۋىزەم جېنىم ئامان بارمۇ؟

ئۆيىنىڭ تۆرىدە تۇرۇپ،
ساچقاننى ماراپ ياتقان.
كالا گۆشىنى تەڭ يېگەن،
مۇشۇكلىرىم ئامان بارمۇ؟

بوسۇغامنى بېسىپ ياتقان،
كېچە ـ كۈندۈز قاۋاپ ياتقان.
جاپايىمنى تولا تارتقان،
بويناقلىرىم ئامان بارمۇ؟

چوڭ ئاكامنىڭ بالىلىرى،
مېنى كىچىك دادام دەيتتى.
مېنى كىچىك دادام دېگەن،
قۇلۇنلىرىم ئامان بارمۇ؟

ئالتىنچى ئاينىڭ ۋاقتىدا،
مېۋە ـ چېۋە پىشىدۇ.
ئۆزى پىشىپ، ئۆزى چۈشكەن،
ئالما، ئۆرۈك ئامان بارمۇ؟

سادىر پالۋاننىڭ تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە سۈرگۈن قىلىنغاندا، ئائىلىسىنى ئەسلەپ ئېيتقان قوشىقى:

چوڭ كۆرەڭنىڭ يولىدا،
ئالدىم ھېۋىزەمگە يېلىم.
بەش بالامنىڭ ئىچىدە،
ئەڭ كىچىكى مەمەت ئېلىم.

روشەنگۈل دەپ بالام بار،
دادا، — دەيدۇ ئەجەب تاتلىق.
بەش بالامنىڭ ئىچىدە،
كىچىكى دەنىخان ئاتلىق.

بەش بالامنىڭ ئىچىدە،
چوڭى «پەننامە» ئوقۇيدۇ.
مېنى مويتۇڭزىدا چاپسا،
تېنىمنى قاغا چوقۇيدۇ.

ئۈرۈمچىگە پالاندىم،
ھېۋىزە توقاچ ياققىن.

بەش بالام يېتىم قالدى،
تېنەتمەي ئۇبدان باققىن.

سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
داڭزىدا① خېتىم قالدى.
خېتىمنى ئوقۇپ باقساڭ،
بەش بالام يېتىم قالدى.

سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى،
ساغرىسىدا ئالىسى.
ئىلىدا خوتۇن قالدى،
قۇچىقىدا بالىسى.

كۆرە يولىدا يۈرۈپ،
مەپەڭ سۇندىمۇ شەنگەن؟
سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
كۆڭلۈڭ تىندىمۇ شەنگەن؟

بۈگۈن كۈنگە پەيشەنبە،
كەل، مەيىنى قوش ئەمدى.
ئۈرۈمچىگە پالاندىم،
ئەل ـ ئاغىنە خوش ئەمدى!

① داڭزا — خان دەرۋازىسى تاختىسىغا چاپلانغان ھۆكۈم خېتى.